يارى بەد باشىڭغە يەتكۇرگەي بەلا،
قىل ھەزەر ئالەمدە بولمە مۇبتەلا.
زالىمۇ جاھىلنى قىلمە دوستۇ يار،
يەتكۇرۇر ساڭا بەلالار بىشۇمار.

ئەلبەتە غەيرىيگە بولمە ھەمسەفەر،
ھەر قەدەم باسساڭ يېتەر[313] خەۋفۇ خەتەر.
ھەر نە ئىش ۋاقىئ بولۇر، سەن بىلمە سەھل،

مەشۇەرەت بىرلە[314] ئانى تاپ نەچچە ئەھل.
ئەقل ئىلىدىن مۇشكىلىڭ ئاسان بولۇر،
ئۆزىدىن ئادەم بەلالارغە قالۇر.

## مەرتەبەئى ۋەئز ۋە پەندۇ نەسىھەت نە تەرىقە ئادەمىغە دۇرۇست، ئانىڭ بەيانى[315]

ۋائىز ئۇلغاي تۆرت كىشى ئۇشبۇ جەھان،
تاپقاي ئاندىن نىكۇ بەد نەفئۇ ئەمان.
ئەۋۋەلى ئىلمۇ ئەمەل با زەۋقدۇر،
ئانداغ ئەلنىڭ ۋەئزىدىن دىل بولدى نۇر.
بىرى ئۇلدۇر دوست تۇتار جاندىن لەزىز،[316]
كىمگەكىم قىلغاي نەسىھەت، ئەي تەمىز.
بىرى ئەۋۋەل قىلدى جەمىئ يولنى تەي،
ھەق رىزاسىن تاپتى ئىزلەپ، ئۇردى پەي[158A].
ئول مۇكەممەلدىن نەسىھەت خۇبدۇر،
زاھىر ئۇلغاي كىمدە ھەر مەئيۇبدۇر.
بىرى دەردكە كىم سالىپدۇر جانىنى،
ئايتسا لازىم باشىغە كەلگەننى.
كىم فەلەكنى جەۋرىنى كۆپ چەكتىلەر،
خار ئالىپ ئورنىغە گۇللار ئەكتىلەر.
كىم بىلىڭ بىجەبر تاپتى ئىنۇ ئان،
تاپماغاي ھەرگىز ئەمانى جاۋىدان.
گەر ئەمەلسىز ئالىمى بولسە نۇسۇھ،
دېدى ئانى رىندلەر بىمەئنى قۇھ.
كىم ئۆزىدىن ئۆزگەنىڭ دۇشمەنلىغىن
ئاڭلابان، قىلسە نەسىھەتنى ئەمىن.
ئول نەسىھەتدۇر غەزەپ، كىبرۇ رىيا،
ئول سۇخەنلەر كۆتەرۇر دىلدىن زىيا.
ھەرنە يولنىڭ ئاچچىغىن كىم چەكمەدى،
خار ئورنىغە سىپچەكلەر ئەكمەدى.
خارۇ خەس قىلماي ئۆزىن، قىلسە[317] نۇسۇھ،
كىبرۇ جەھل ئىلكىدە ئۇلغاي[318] خەستە رۇھ.
كۆرمەيىن ھەر كىمگە[319] يولنى كۆرگۇزۇر،
يولغە سالدى گويىيا بىينانى كور.
ئەي بەرادەر، ئارزۇ بولسە نۇسۇھ،
ساھىبى بول ئەۋۋەلا ئەقل ئىلە رۇھ.

### پەندنامە

نەچچە ئىشدىن بولدى ئادەم تەندۇرۇست،
ئال قۇلاققە بۇ سۇخەنلەرنى دۇرۇست[159A].
كۆپ يېمە، ھەر روز ھەر تۇرلۇك تەئام،
كۆپ يېمەكلىكدىن بولۇر ئۇمرىڭ تەمام.
سالىمۇل ـ ئەئزا بولۇر كىم كەم يېسە،
جىسمى قۇۋۋەتلىق بولۇر ھەم[320] كەم دېسە.
قىلمە دىل ئازار، ئاغرىتمە كىشى،
بولماغاي ساڭا تەبىبلەرنىڭ ئىشى.
بەد دۇئانى ئالماغىل زىنھار سەن،
كىم سېنى سورسە دېمە سەن ئاڭا مەن.
كىم ئۇلۇغدۇر قىلماغىل گۇستاخلىق،
بارچەغە بولغىل جەھاندا خۇش قىلىق.
رەنجۇ مىھنەت كۆرمەگىڭدۇر، ئەي ئوغۇل،
خىزمەت ئەت ھەر كىمنى كۆرسەڭ، مىسلى قۇل.
زەنغە كۆپ بولمە قەرىن، ئاڭلا قوياش،
رەنجۇ مىھنەتكە بۇ ئىش ئەلبەتتە باش.
گەر زەئىفنىڭ ياشى ئوتتۇزغە يېتەر،
زەھردۇر ئادەمنى كۆپ بىيمار ئېتەر.
كىمكى كۇن تەبئ ئىلە كۆپ ئۇلفەت تۇتار،
كۆپ جەفاۋۇ جەبر ئىلە زەرداب يۇتار.
ئەقلسىز ئادەمغە كىم ھەمخانەدۇر،
كۆپ جەفاۋۇ جەۋر ئاڭا كاشانەدۇر.
ھەر كىشى بىسەبرۇ نازۇك تەبئدۇر،
بىل ئاڭا سىھھەتلىك ئىلە نەفئدۇر.
سەۋرۇ بەرداش ئىلە بول ساھىبقىران،
سالىم ئەئزا تاپقىل ئۇمرى جاۋىدان.
كىر بولمە، بولساڭ ئانى تېز يۇ،

تەن، لىباسىن(321) دائىما قىل شۇستۇشۇ[160A].
جىسمۇ كۆڭلۈڭنى قىلۇر بىيمار بۇ،
ئاقىل ئېرسەڭ، تەن، لىباسنى تېز يۇ.
كىم تەئامى سەخت يەپ خاب ئەتتىلەر،
بىئەجەل ئۇشبۇ جەھاندىن كەتتىلەر.
ھەر تائامىيكىم غۇبارى باردۇر،
كىمكى يەپدۇر بىتەمىز مۇرداردۇر.
بىدەۋا دەردىگە ئول بولغاي دۇچار،
تارتىبان رەنجى تەۋىل، ئول بولدى خار.
كىم ھەلاكەتلىكدە سۇساپ سۇ ئىچەر،
جانۇ تەننىڭ ئول ھوزۇرىدىن كېچەر.
كىم شتاب بىرلە يەر ئاچلىغدە تەئام،
بۇ سۇخەنغە سال قۇلاق، ئەي ئەقلى خام.
بۇ تەئام بادى سەمۇمدەك جان ئالۇر،
ئىشتىھاۋۇ قۇۋۋەتى كەم ـ كەم قالۇر.
كىم ئىسىغ يېسە تەئام شورابەلىك،
سۇست ئولۇر جىسمۇ(322) زەبان پاۋۇ ئىلىك.
ئەقلۇ ئەزاسى ھەمىشە سۇست ئولۇر،
يەتمەيىن ئەللىك ئەبۇشقە پىر بولۇر.
كىم تۇتار بىسيار ئۆزىنى گەرمۇ سەرد،
ئول كىشىگە بىل يەقىندۇر ھەرنە دەرد.
ئەي ئوغۇل، ئىش قىل مەزاجىڭنى(323) ئايىر،
ئىككىگە(324) قىلمە مەزاجىڭ، ئەيلە بىر.
كىرمە سۇغە سەن ئەرەقلەب، ئەي فەلان،
رەنجۇ مىھنەتلەر چېكىپ يۈتقۇڭدۇ قان.
يا ئەرەق ۋەختىدە باد ئالمە(325) ئۆزۈڭ،
سالمە مىھنەتكە ئۆزۈڭنى سەن ئۆزۈڭ[161A].
ھەر نە ئىللەتدىن ئەمانلىق ئىستەسەڭ،
ئۇشبۇ پەندىمغە قۇلاق سال، بولمە گەڭ.
سالىمۇل ـ ئەئزاۋۇ ھەم ئۇمرىڭ دەراز
بولغۇسى، قىلغىل بۇ سۆزلەر قىشۇ ياز.

## پەندنامە

ئارزۇ بولسە ساڭا خۇش ئۇمر ئەگەر،
نەچچە سۆز ئايدىم ئانى قىلمە دىگەر.
زىنھار بولغىل ھۇنەرمەند، ئەي ئوغۇل،
بولماغىل ئەلبەتتە نادان(326) بىرلە قۇل.
ھالىڭا لايىق كەرەملىك بول، ئەخىي،
ئىززەتۇ ئىكراملىكدۇر ھەر سەخىي.
تولا سۆزلۈك بولماغىل بىمەئنى گوي،
كەتكەي ئىلكىڭدىن تەمامى ئابروي.
ھەر كىشىگە سەخت سۆزلۈك بولماغىل،
غۇسسەۋۇ غەم بىرلە دائىم ئولماغىل.(327)
سەن ئەگەر قىلساڭ بىرەۋ كۆڭلىنى خۇش،
خۇلق دەرياسى ساڭا ھەر لەئزە جۇش.
ئەقل ئېلىگە دائىما قاتقىل(328) ئۆزۈڭ،
بولغاي ئاندىن سوڭ ئەدەب بىرلە سۆزۈڭ.
ئىشرەتى ئۇمرىڭ زەۋالى بولماغاي،
غۇسسەۋۇ غەملەر كۆڭۈلگە تولماغاي.
كەدخۇدالىق ئارزۇ بولسە ساڭا،
ئارزۇڭ نېدۇر، بەيان ئەتكىل ماڭا.
با دىيانەت بولسۇنۇ با خۇلقى خۇش،
يوقسە كەچكىل ئۇشبۇ سەۋادىن خەمۇش[162A].
سەن، نەئۇزۇبىللاھ، ئالساڭ بەد زەئىف،
ئۇمرۇ ئىمانىڭ بولۇر، ئاڭلا، زەئىف.
زىنھار قاتمە يامانغە سەن ئۆزۈڭ،
خەنجەرى غەم بىرلە ئويۇلغاي كۆزۈڭ.
ئەرۇ خاتۇن خۇبلىغى سۇرەت ئەمەس،
كىمدۇرۇر ئاقىل ئىلى، سۇرەت دېمەس.
خۇلقى ئەفئالى نىكۇدۇر، خۇبۇ(329) خۇش،
ۋەئدەسى تۇز بولسەۋۇ بولسە خەمۇش.
يار بىلمە ھەر كىشىنى زىنھار،
نەچچەلەر بولدى بۇ ئىشتىن خارۇ زار.
ۋالىدەيننى ياخشىلىقدىن رازى قىل،
ھالۇ قەدرىنى ھەمىشە ياخشى بىل.
ئال دۇئاسىنى ئالارنى، تاپ كەمال،
ساڭا بولغاي ئەيشى كەۋنەيىن بىزەۋال.
سەن مۇھەببەت قىلمە دۇنياغە يامان،
غۇسسەۋۇ غەم بىرلە قالغاي ھەر زەمان.
ھەر نېمەرسە بىۋەفادۇر كۆڭۈل ئۈز،
ئۇمر خۇش ئۆتسۇن دېسەڭ، ئاڭلا بۇ سۆز.

## نەچچە نېمەرسەدۇركى، ئاڭا ئىلاج بولماس، ئانىڭ بەيانىدە(330)

نەچچەدۇر ئالەمدە دەردى بىئىلاج،
خاھ گەداۋۇ خاھى بولسۇن تەختۇ تاج.
قىلمە ۋاقىئ، جەھد ئەيلە، ئەي فەلان،
بولسە يوق بىھبۇد زەخمى جاۋىدان.
مەھرەم ئەتمە زىنھار ئەفئالى بەد،
خۇيى بەد ھەر كىمدەدۇر رەنجى ئەبەد[163A].
سوردى لوقماندىن بىرەۋ: «ئەي چارە ساز،
بىلمەگەن سەن رەنج بارمۇ ئەلدە باز؟»
«ناسۇرى يۈز يىلگە مەن قىلدىم دەۋا،
مىھنەتى مىڭ يىلغە مەن بەردىم شىفا.
مەرگى مۇتلەقدىن بۆلەك بولدى سەھەت،
قىلدى لېكىن، ئەي بەرادەر بىرسى لەت.
مەن ئىلاجىنى قىلالمام خۇيى بەد،
ھەر تەبىبنى قىلۇر بەدخۇي رەد.»
بىرىدۇر نادانغە بەند ئولسە كۆڭۈل،
كىمگە كەلمەيدۇر بۇ ئىش، بىلمەس بۇ يول.
زور بىلە بولماس مۇتىئ بۇ شاھى دىل،
كىم مۇتىئ قىلدىم دېسە، سەن سادە بىل.
قەدردانلىغ قىلماسە ئول دىلفىگار،
بۇ كۆڭۈل، ھالىڭنى بىلمەي دېسە يار.
بەندى چاچىلماس، يازىلماس نۆكتەدۇر،
ئاقىل ئېرسەڭ ئېھتىيات ئەت، ئەيلە دۇر.
بىرى بىل ھەمخانەئى كىم بولسە بەد،
بىئىلاج بولسە ئانى قىلماقى رەد.
بۇ ئېرۇر ئاقىلغە دەردى بىدەۋا،
قىلماغىل، يا رەب، يامانىنى سەن رەۋا.
كىمگە كىم بولسە دۇئايى بەد قەبۇل،
بولماغاي ئانى ئىلاجى، ئەي ئوغۇل.
ھەر خەسى بولسە ئانى بىكەس دېمە،
ئاغرىتىپ كۆپ رەنجى بىھۇدە يېمە.
بىھۇدە ئۆتسە جەۋانلىقلىكتە ئۆمر
كەتسە بەلدىن قۇۋۋەتۇ بۇ كۆزدە نۇر[164A].
ئاخىرەت ئەندىشەسى، ئاڭلا قوياش،
بولماسا ئىلكىڭدە نانۇ ئابۇ ئاش.
ئىككى دۇنيا ۋەھمىدىن بولساڭ ھەلاك،
بولماغۇڭ بۇ بىدەۋا دەرددىنكى پاك.
كىم جەۋانلىغدە ئانىڭ ئەمرىن قىلۇر،
تەڭرى دائىم ھالى ئەھۋالىن بىلۇر.
بولماغىل زىنھار ئەلدىن قەرزدار،
خۇشدۇرۇر بىقەرز، بولساڭ خارۇ زار.
گەرچە بىر پۇل بولسە قەرزىڭ، ئەي ئوغۇل،
ئاقىل ئېرسەڭ، كەلسە بولغۇڭ ئاڭا قول.
بىدەۋا دەرد قايسى دەپ سورسە بىرەۋ،
قەرزدارلىق دەي ئەگەرچە كەلسە دەۋ.
كىمكى زالىمغە بولۇپدۇر ئاشنا،
رەنجى بىدەرمان، ئاڭا بولماس دەۋا.
كىم خۇدادىن قورقماگەندىن قورقدىلەر،
جۇملە دەردلەرگە دەۋانى تۆكتىلەر.
كىم ياماندىن قورقمادى ئۇشبۇ جەھان،
ئىككى دۇنيا بولمادى غەمدىن ئەمان.
ئەي بەرادەر، ئۇشبۇ سۆز شەھدۇ شەكەر،
ئال قۇلاققە، ئىچمەگىل ئاغۇ ـ زەھەر.

### پەندنامە

نەچچە ئەسباب لازىم ئېرۇر بۇ جەھان،
ئەيلەگەي ھەر رەنجۇ ھەر غەمدىن ئەمان.
مەردۇ زەندە بولسە بۇ ئەسبابلار،
يۈزگە ئاچىلدى يۈز مىڭ بابلار[165A].
لەئلۇ ياقۇتۇ جەۋاھىرلارغە كان
بولغۇسى ھەم تاپتى ئەيشى جاۋىدان.
ئەۋۋەلى ئەسبابدۇر خۇلقى نىكۇ
بولسە سەندە، ئەي بەرادەر، ياخشى قۇ.
خارلار كەلسە قاشىڭغە گۇل بولۇر،
شاھلار خىزمەتدە ھەم چۇن قۇل بولۇر.
ئەيلەگەيسەن كۆپ پەرىلەرنى بەشەر،
رەفئ قىلغايسەن تەمامى شورۇشەر.
شەككەر ئەفشانۇ بولسە بىرىدۇر خۇش زەبان،

رېيز قىلسە مەئرىفەت تىل ھەر زەمان.
قىلسە ھەر كىم تەبئىگە لايىق سۇخەن،
كەلمەسە سۆزدىن كۆڭۈلگە شەككۇزەن.
دېسە ھەر سۆزنى تەفەككۇر بىرلە ئول،
قايسى راست كىرسە ئاڭا يۈز بولسە يول.
دېمە تىل، ئول گەۋھەرى نايابدۇر،
ياكى ئول خۇرشىدى ئالەمتابدۇر.
خەزنەئى ئالەم ئاڭا بولماس بەھا،
ماھ ئىلە خۇرشىد قاشىدە كەمبەھا.
شاھۇ سۇلتان ھۇر چىھرە سەدقەسى،
بۇ سىفەت ئەسبابىغە لايىق(331) كەسى.
بىرى بۇ ئەسبابىنىڭ بىكىينە دىل،
فەرقى يەردىن تا سەما دىل بىرلە گىل.
با مۇرۇۋۋەت رەھمىلىقدۇر ھەر كۆڭۈل،
خار كىم ئۇرسە ئاچىلۇر مىسلى گۈل.
خەستەۋۇ بىچارەغە شەفقەت قىلۇر،
دىل دېمە ئانى، خۇدادىن پەيزى نۇر[166A].
كىمدە بولسە بۇ سىفەت ئەسباب ئەگەر،
ئەمرى ھەقنى ئول قاچان قىلغاي دىگەر.
راست دىل ھەر كىمدە بولسە، ئەي قوياش،
بولغاي ئالەم ئەھلىگە ئەلبەتتە باش.
مەردۇمى چەشم بىرىدۇر ئەسبابىنىڭ،
تەئرىفىن ئايتاي بۇ ئالەم تابىنىڭ.
قايسى مەردۇم بولسە ئىبرەت بىين مۇدام،
دېمەگىل كۆز، فەيزىنى(332) ئالغالى رام.
كۆرسە جىلۋە ئۇشبۇ ئەشيا بىرلە كۆز،
تەۋسىفىغە راست كەلگەي قايسى سۆز.
لەمئەئى زاتىدىن ئولدۇر كۆز ئەمەس،
كىمكى ئاقىلدۇر، ئانى مەردۇم دېمەس.
كىمكى كۆز ئەسبابىنى گەر قىلدى تىز،
ئىشق باراني قىلۇر ھەر كۇندە رىز.
كىمدە كۆز ئەسبابى بولماس، ئەي خىرەد،
دائىما ئول رەھمەتىدىن بولدى رەد.
بىرى بۇ ئەسبابىنىڭ، ئاڭلا قۇلاق،
تەئرىفىن ئايتاي، خىرەد، سەن سۆزگە باق.
لەتتەئى غەفلەت بۇ ئەسباب ئىچرە يوق،
فەيزى رەھماندىن ئۇ قۇل ئەلبەتتە توق.

ئەمرى ھەققە بولسە دائىم گۇشمال،
بابى رەھمەتدۇر، قۇلاق قىلمە خەيال.
ئۆزنى(333) تاپتى ھەر سەدادىن ھەققە يول،
ساھىبىن رەھمەت سۈيىدە قىلدى ھۆل.
بىرى بۇ ئەسبابلارنىڭ دەۋرىدىن،
قەتل(334) ئىگەسى كىم بولۇر ساھىبى دىن[167A].
گەر سەخىي بولسە دېمە، سەن ئانى رەد(335)،
لۇتفى رەھماندۇر بەلا قىلغالى رەد.
كىمدەدۇر تا خەيرى قول(336)، ئەي نىك راي،
رەھمەتى رەھمان(337) ئاڭا دەرياۋۇ ساي.
قايسى تەندە ئىككى قول بولسە ئاچۇق،
باشىغە ئەلتاف باراني ساچۇق.
بۇ سىفەتلىك بولسە سەندە ئىككى قول،
مەشرىقۇ مەغرىبدىن ئارتۇق ھامىي(338) قۇل.
گەر يەدىندە(339) ياخشىلىق بولسە خىسال،
بولغۇسى مۇھتاج ئاڭا [ھەم] قالۇ ھال.
كىمكى ساھىب بولسە بۇ ئەسبابىغە،
فەتھ تاپتى گەۋھەرى نايابىغە(340).

## پەندنامە

بىرى بۇ ئەسبابى، رىجلەين، ئەي فەتا،
كىمكى ساھىب بولسا ئاڭا بول ئەتا.
خىزمەتى ئىكان قىلۇر ھەر روز ـ شەب،
گەر يۈرۈر ھەر سۇغە بولسە ئەمرى رەب.
يا ئەمەس جەننەت بۇراقىدىن زىياد،
يا بۇلار تەختى سۇلەيمان بىرلە باد.
جا ئىشىندۇر ھەر ئاياغ ئەلدىن قاچىپ،
خۇممى ۋەھدەتنى ئىچۇردى(341) ئول ئاچىپ.
نەفس ئۇچۇن قويماس ئاياغ بىر گامنى،
ئەلبەتە مەي بىرلە بەردى جامنى.
گەر قەنائەت بىرلە بولسە بەر قەرار،
قىلمادى ئالەمدە ھەرگىز خارۇ زار[168A].
كىمكى بۇ ئەسبابلار بىرلە مۇدام،
پۇختەدۇر دارەين ئازا، يوق زەررە خام.
بارچەسىغە كىم ئىگە بولدى بۇ كۈن،
ئۆمرى زايىئ ئۆتمەدى ھەر كۈنۇ تۈن.
كۈند بولسە بۇ دېگەن ئەسبابلار،

سەڭگ بولغاي گەۋھەرى نايابلار.
كارغە كىرگۈزمەدى بۇ كۈن بولار،
يۈز جەفا جانغە سالۇر تاڭلا ئۇلار.
ھەر بىرىن بىر ئەمر ئۈچۈن قىلدى خۇدا،
ئەيلەگىل ئەمرىدەۋۇ قىلمە جۇدا.
بەس، بۇ ئەئزالارغە كىم ساھىبدۇرۇر،
دائىما ھەق ئەمرىغە راغىبدۇرۇر.
كىمكى بۇ ئەسباب ئىگەسى، ئەي ئوغۇل،
ئەقلۇ دانىش خىزمەتىدە مىسلى قۇل.
كىم ئەمەلغە كىرگۈزۈر ئەسبابلار،
ئەقلى مىفتاھىدە ئاچتى بابلار.
خىزمەتىدە بولدى كىمنىڭ بارچە تەن،
ئول قاچان قىلدى جەھان ئىچرە ۋەتەن.
كىم بولار ئەمرىدە قىلدى دائىما،
قايدە قىلسۇن ئول خەتا سارى ئىما.
كىم بولۇپدۇر دۇنيادا ساھىب ۋۇجۇد،
قىلدى ئول جانۇ دىلى بىرلە سۇجۇد.
كىم بولارغە ئۈشبۇ كۈن بولماس ۋەلى،
تاڭلا ھەيرانلىغدەدۇر جانۇ دىلى.
ئەي بەرادەر، بول بۇ ئەئزا ساھىبى،
شاھى ئالەمنىڭ بولۇرسەن نائىبى[169A].
جەھد ئېتىپ ئىلكىڭگە ئال ئەسبابلار،
كار قىل، تاڭ ئەيلەسۇن سەررافلار.
ئال بۇ سۆزلەرنى قۇلاققە، ئەي فەلان،
تاڭلا يۇتكەيسەن نەدامەت بىرلە قان.

## پەندنامە

نەچچە زۇلمەت باردۇرۇر ئادەمدە، بىل،
ھەربىرىگە بىر يورۇغلىق تاب قىل.
ھەربىرى ئانداغ سەۋادىدۇر قارا،
بولماسە يارۇق كۆرۈنمەس ھېچ قارا.
كىمكى تۇشتى بۇ قارالىق ئىچرە بىل،
قارۇنۇ شەيتان ئاڭا ئەندازە قىل.
بۇ جەھاندە كىم قارالىق ئىچرەدۇر،
نۇرى ھەقدىن ئول كىشى ئەلبەتتە دۇر.
بىرى كۇفرىدۇر قارا تونىدىن قارا،
ئىلمى سۇبھىنى يارۇتقىل تون ئارا.
بولماسە ئىلمىڭ بۇ توندە، ئەي فەنا،
شەمئى ئىماننى قاچان قىلغاي ئەتا.
ئىلمى شەمئىن ئال، يولۇڭ قىلمە غەلەت،
يوقسە شەيتاندىن يېتەر ئىمانغە لەت.
بىيارۇق زۇلمەت ساڭا، خۇب ئاڭلا جەھل،
ئەقل مىھرىنى ئۆزۈڭگە ئەيلە ئەھل.
كىم سەۋادى جەھل بىرلە، ئەي قوياش،
تاپماغاي يول بولماسە ئەقلى(342) قۇياش.
ئالدى بۇ مىھرى خىرەد جەھلى سەھاب،
مىھر قىلماس كۆرسە يۈز(343) مىھرى بەتاب[170A].
كىبردۇر زۇلماتلارنىڭ بىرىسى،
كىبر قىلماس بولسە ھەركىمنىڭ ئىسى.
كىبر زۇلماتى ئارا ئىبلىسى دون،
كۆر نېچۈك بولدى ئانىڭ ھالى زەبۇن،
بۇ سەۋادى كىبرغە دۇررى خۇشاب،
فەقر ئىلە ئاجىزلىغىڭدۇر ئافتاب.
قايسى تەندە يوق فەقىرلىق نۇرىدىن،
كىبىز مەئلۇمدۇر ئانىڭ مەزھۇرىدىن.
بولسە ئەقلىڭ، بول بۇ زۇلمەتدىن خەلاس،
قىل فەقىرلىق دائىما، بول يارى خاس.
بولماغىل دۇنيادا ھەرگىز خۇد پىسەند،
ئەھلى نار ئۇلمە، قۇلاق تۇت ئۈشبۇ پەند.
كىم تەكەببۇرلىكدۇرۇر ئۈشبۇ جەھان،
ئول قاچان بولغاي جەھەننەمدىن ئەمان.
بەندە بولسە ئىسمىڭ، ئەي نادان يىگىت،
كىبرلىق نېدۇر ساڭا، ئاجىزلىق ئەت.
قەترەئى مۇردار بولسە بۇ تېنىڭ،
بۇ تەكەببۇر قىلماغىڭ نېدۇر سېنىڭ.
ئۈشبۇ زۇلمەتلەر بىرىسى ھىرسدۇر،
ھىرس قىلغان دۇنياغە چۈن خىرسدۇر.
كىم ھەرىس زۇلماتىدە قالدى بۇ كۈن،
تاڭلا مەھشەردە ئانىڭدەك يوق زەبۇن.
ھىرس سەۋادىدە قالىپدۇر ھەر كىشى،
نۇرى ھەقدىن ھېچ ئانىڭ بولماس ئىشى.
كىم شەبى ھىرس ئىچرەدۇر، كۆرمەس يارۇق،
سۇبھى رەھمەتدىن بولۇر دائىم قۇرۇق[171A].
كىم سەۋادى ھىرسغە سالدى ئۆزىن،

قىلدى ئەئما مىھرى دۇن ئىككى كۆزىن.
ھىرسدىن قارۇن نە بولدى يەر سارى،
بولدى پىنھان مالۇ ئەمۋالى بارى.
مىھر قويمە ئۇشبۇ دۇنيا مالىغە،
قىل نەزارە ئۆتكەن ئەلنىڭ ھالىغە.
بىل قايان باردى ھەمە شاھۇ غەنىي،
قىل تەفەككۇر بارچە نىكانلار قانى؟
لەھزەئى ئۇمرۇڭ[344] نىچۇكدۇر ئۇشبۇ دۇن،
تائەبەد قىلغاي سېنى زارۇ زەبۇن.
بەرمە كۆڭلۈڭنى، جەھاندۇر بىۋەفا،
قىلمە جانىڭغە ھەمىشە سەن جەفا.
بۇ يورۇغلۇغلارنى ئال، ئەي ئەبدىيا،
ھەق رىزاسىن ئىستەسەڭ، بول ماسەۋا.

### پەندنامە

نەچچە ئىشدىن ھەق يولى بولماس غەلەت،
بەرمەدى شەيتانۇ نەفس بۇ يولدا لەت.
كىمكى بۇ يول بىرلە ئازىمدۇر، ئاڭا،
ئاڭلاغىل، خەۋفۇ خەتەر بولماس ساڭا.
كىمكى تالىبدۇر بۇ يول مەتلۇبىغە،
ۋاسىل ئولغاي ئەلبەتە مەھبۇبىغە.
كىم بارىپدۇر ئۇشبۇ يولدا سۇئى ھەق،
خىزر ئىلى ئاڭا بىرە ئالماس سەبەق.
ئەۋۋەلى قىل ھەق يولىدە تەركى جان،
تاپ رىزاسىن تەرك ئەيلەپ خانۇمان[172A].
ماسەۋادىن كەچتى كىم ئۇشبۇ جەھان،
كىردى يولغە بارچە خەۋفلەردىن ئەمان.
لەززەتى دۇنيادىن ئۆتتى كىم بۇ كۈن،
تەربىيەت قىلدى ھەق ئانى كېچە ـ كۈن.
راھبەر بىرى ساڭا ئاھى سەھەر،
قوپ سەھەرلەر زارىلاپ، بول چەشمى تەر.
كىمكى خىلۋەتلەردە يىغلار ھەر مۇدام،
فەيزى ھەقنى ئول ئۆزىگە قىلدى رام.
ھەر كېچە كىم ئۇيقۇدىن بىيدار ئولۇر،
ئىشق ئىلە ھالات ئاڭا ھادىي بولۇر.
بولماسە ھاسىل ساڭا پىرى مۇغان،
يىغلا خىلۋەتدە يۈرۈپ ھەر كېچە قان.

كۆز ياشىڭ بولغاي سەبا دىلدارغە،
ئاقىبەت ۋاسىل قىلۇر[345] ئۇل يارغە.
بىرى مۇھر ئەيلە دەھانىڭغە[346]، قوياش،
يازسا بىر ھەرف، ئۇر تىلۇ ئاغزىڭغە تاش.
خاھ نىكۇ خاھ بەد بولسە سۆزۈڭ،
ئىختىيار بىرلە چىقارماغىل ئۆزۈڭ.
مەئرىفەت گەنجىغە مىفتاھدۇر خەمۇش،
ئاقىل ئېرسەڭ لەب دەھانىنى ئەيلە پۇش.
بولمادى ھەركىم زەبانىغە[347] ئاشنا،
باقسا ھەريان ئىشق بابى بولدى ۋا.
گەرچە قىلسە بۇ جەھانىڭ تائەتى،
تىل قىلۇر بەرھەم ئانى بىر سائەتى.
تىك لەبىڭنى زىنھار، بولمە زەبان،
بول ھەمە خەۋفۇ خەتەرلەردىن ئەمان[173A].
كىم تىلىن تىيدى، جەھاندە تاپتى يول،
كىم زەبان بولسە، بولۇر نەفسىگە قۇل.
نەچچە ئەرلەرغە زەبانىڭ شۇملىغى،
جانۇ ئىمانىغە يەتكۇردى تىغى.
نەچچەلەر دىنىنى ۋەيران قىلدى سۆز،
يات بولدى بۇ زەباندىن نەچچە ئۆز.
زەخمى تىلدىن دوستلار بولدى جۇدا،
بولسە ئەقلىڭ، سەن دەھانىڭ قىلمە ۋا.
بىرى ھادى قىل ئىبادەتنى نىھان،
تۇيماسۇن بۇ قىلغانىڭنى ھېچ جان.
يار ھەم ئەغيارغە قىلمە نىشان،
رىند بول، گەرچە بۇ يولدا كەتسە جان.
سەن ئەل ئىچرە دائىما بول بەد نەما،
تاكى تاپقاي دەردلەرىڭ بىر ـ بىر دەۋا.
بىلمەسۇن ئەفئالۇ خۇيىڭ ھېچ ئەل،
ئەل ئارا ئۆزۈڭنى سەن ۋەيرانە قىل.
قىلدى تائەتنى ئەل ئىچرە ھەر كىشى،
گەرچە مەرد بولسا ئانى دەرلەر تىشى.
كىمكى قىلدى زاھىرىن ئاراستە،
بولمادى ھەققە قەبۇلى خاستە.
ياخشىلىق بولسە كىشىنىڭ كامىدە،
ئول بولۇپدۇر نەفسى شەيتان دامىدە.
زاھىرۇ باتىن نىھان قىل ھەق تەلەب،

بولماغىل زىنھار زەبانۇ كامۇ لەب.
بەلكى ئۆزدىن ئۆزنى پىنھان قىل بۇ يول،
توشقارىپ دەريانى، بولغىل خۇشك چۆل[174A].
چەك رىيازەت، قالماسۇن ھېچ ئەمرىدىن،
بول فەنا ئەتراقىدە مىسلى زەمىن.
ساڭا بىر ھادى بۇ يولدا راستلىق،
بارچەغە بولغىل ھەمىشە خۇش قىلىق.
سەن ئۆزۈڭدىن ئۆزگەنى كەج بىلمەگىل،
ئىمتەھان بىرلە يامانلىق قىلماغىل.
پەششەئى كۆرسەڭ، ئىبا قىل مىسلى فىل،
قۇلنى كۆرسەڭ، خاجە دەپ، ئەمرىنى قىل.
سەن گەدا كۆرسەڭ، شەھەنشاھ بىل ئانى،
دىمە ئانى ياخشىلىق فىئلى قانى؟
ھەر نەكەس كۆرسەڭ ئانى بىئۇ دىمە،
بىر مەۋز تاپىلسە، بىھەمدەم يېمە.
زىنھار ھېچكىمنى قىلمە ئىمتەھان،
ئىمتەھان قىل ئۆزنى، بول ساھىبقىران.
ساڭا بىر ھادى بۇ يول، تەقۋادۇرۇر،
كىمكى تەقۋاسىز بۇ يول، لەقۋادۇرۇر.
ئەيلە تەقۋا، ئارت كۆڭۈل زەنگارىنى،
ھېچ كىشى بىلمەس بۇ ئەلنىڭ كارىنى.
قايىسىدۇر تەقۋا، ساڭا ئەيلەي بەيان،
بولماسە بىر زەررە كۆڭلۈڭ فىكرى نان.
مازىدىن ھېچ كىمگە قىلماس بولسە زىكر،
ياكى مۇستەقبەلنى ئول قىلماسە فىكر.
جۇزۇ كۇل سالسە خۇداغە ئۆزىنى،
ھېچكىم بىلمەس نە ياڭلىغ سۆزىنى.
نەفسى دۇنيادىن دىمەس بىر ھەرف سۆز،
بىلمەدى ھالى نېچۇكدۇر ياكى تۇز[175A].⑱
ئۇشبۇ خىسلەت كىمدەدۇر، تەقۋالىك ئەر،
ياخشىلار ئەتقا بۇ ئايتىلغاننى دەر.
كىمكى ئەتقا بولسە نەفسۇ جانىغە،
بولسە لايىق نە ئەجەب جانانىغە.
ئۇشبۇ تەقۋا بىرلە بول ئەلبەتتە سەن،
خارلار بولغاي ساڭا باغى چەمەن.
كىم بۇ ھادىلار بىلە ھەمراھدۇر،
ھەر قايان بارسە بارۇرغە راھدۇر.

ھەر كىمە بولسە بۇ ھادىلار رەفىق،
ئول قاچان قىلغاي دىگەر ھەققە تەرىق.
كىمگە بۇ ھەمراھلار يار ئولمادى،
قۇللۇقى شايىستە ھەرگىز بولمادى.
ئەي ئوغۇل، جەھد ئەت، بۇلارنى يار قىل،
ئۆزدىن ئۆزگە بارچەنى ئەغيار قىل.
ئۆزنى تۇزمەي، ئىستەمە ھادىينى كۆپ،
قىل تەفەككۇر، راستلە ئۆزۈڭنى خۇب.
كىمكى قىلماس ئۆزىنى ئاراستە،
پىرغە بولماس قەبۇلى خاستە.
يارغە يەتمەكنى قىلساڭ ئارزۇ،
ھەرنە ھال ئولسا دىگەيسەن زىكرى ھۇ.
يار دەپ غەم يەي يېمە⑲ ئەغياردىن،
زەخم ئۇر جانىڭغە گۇل دەپ خاردىن.
ئاقىل ئەھلىگە ئىشارەت بولدى بۇد،
ھاسىل ئولغاي بۇ سۇخەندىن نەچچە سۇد.
گەر خەتا ئۆتسە سۆزۈمدە، بىرۇ بار،
ئەفۇ قىل قاسىر قولۇڭنى، كىردىگار[176A].
ئىختىيارىي جۇز بىلە بولسە بۇ سۆز،
كۇل بىلە بولدى دېگىل بارچە رەمۇز.
نۇقسى زاھىردۇر بۇ سۆزلەرنى، ئىلاھ،⑳
قىلماغىل مەھشەردە تاڭلا رو سىياھ.
ئەلگە نەفئ يەتكەيمۇ㉑، دەپ تەقلىدنى
ئەيلەدىم، تەھقىق قىل، يا رەب، مۇنى.
ئەيلەدىم كىردارسىز گۇفتار مەن،
ئەيلەگىل كىردار گۇفتارىمنى سەن.
ئەبدىينى، يا رەب، بۇ يولدا راست قىل،
قىل قەبۇل بارچە سۆزۈمنى، خاست قىل.

## مۇناجاتى بەدەرگاھى قازىيەل ـ ھاجات

خالىقا، سەن راھبەر، سەن راھبەر،
ھېچ قۇلنى سالماغىل راھى دىگەر.
بىئىرادە سەندىن، ئەي پەرۋەردىگار،
قوپماغاي قۇم ئورنىدىن، يا مۇيى سەر.

خالىقا، بارچە سۆزىم تاپماق سېنى،
ئەيبدىن قىلمە ئىتاب، يا رەب، مېنى.

مەقسەدىم بۇدۇر سەۋاب ئولسە بارى،
قىل قەبۇل، تاڭلا، دېمە: خەيرىڭ قانى؟

خالىقا، گۇفتار ئىلە كىردار يوق،
ياخشىلىق ئىشدىن مېنىڭ نامەم قۇرۇق[177A].
خەستەنىڭ ھالىن بىلۇرسەن، يا ئىلاھ،
ھەسرەتىڭدە خەستە كۆڭلىمدۇر سىنۇق.

خالىقا، جۇرمۇ گۇناھىم سانى يوق،
ئۇشبۇ ۋەھىمىدىن تېنىمنىڭ جانى يوق.
ئەفۇ قىلساڭ يازۇقۇمنى سەن مېنىڭ،
بارسە دەرگاھىڭغە بۇ ئارمانى يوق.

خالىقا، ئەيلەپ ۋىسالىڭ ئارزۇ،
قىل قەبۇل بىرنەچچە قىلدىم گۇفتۇ گۇ.
پۇختە قىل بۇ ئارزۇنى، قىلمە خام،
بەر ماڭا كويدۇرگەلى(352) جامى سەبۇ.

خالىقا، ئەقلىم جۇنۇنغە قىل بەدەل،
جىسمۇ جاندە قالماسۇن دۇنۇ دەغەل.
ئىشق بالىن بەر ماڭا، پەرۋاز ئېتەي،
ئەزم قىلسام سەن سارى ھەر گامۇ تەل.

خالىقا، ۋەسلىڭغە قىل مەھرەم مېنى،
بارچە مەخسۇدىم بۇدۇر: كۆرسەم سېنى.
تۇھفەغە جانۇ جەھان ئېلكىمدەدۇر،
قايسى كۇن بولغاي تىلەپ دېسەڭ: قانى[178A]؟

خالىقا، بۇدۇ سۇدۇم ساڭا فىدا،
قىل قەبۇل، ئەمما مېنى قىلمە جۇدا.
خانۇ مانۇ جان خەيالىڭ سەدقەسى،
مەقسەدىن قىلساڭ فىراقىڭدە ئەدا.

خالىقا، جان ئال ئەجەلدىن ئىلگەرى،
بىر ئۆزۈڭدىن ئۆزگەسى بولسە بارى.
زاھىرۇ باتىن ئۆزۈڭدىن ئۆزگەنى،
ئەيلە، قۇدرەتلىك ئىگەم، مەندىن نارى.

خالىقا، فىكرى غەمىڭنى ئاش قىل،
جەبرۇ زۇلمىڭنى ماڭا يولداش قىل.
ئايىرىپ ئۇشبۇ جەھاندىن خەستەنى،
سەن ئۆزۈڭ بىرلە مېنى سىرداش قىل.

خالىقا، ئەقلۇ خەيالىم مېغە ئال،
ئورنىغە جىزبۇ جۇنۇن ئوتنى سال.
تەلبەلەردەك ئۇن چېكەي يادىڭ بىلە،
ئەيلەگىل جىسمىم يولۇڭدا پايمال.

خالىقا، ئىشق ئەھلىغە ئەيلە قوياش،
قىلماغىل بىگانەغە سىررىمنى فاش[179A].
يارلارغە يار قىل، يا رەب، مېنى،
غەملەرىڭنى مەن قىلاي بىر ـ بىر كېڭاش.

خالىقا، بۇ شەھلىغىم دىۋانە قىل،
بارچە ئۆزنى بىر يولى بىگانە قىل.
قويما ئۆزلۇكدىن مېنىڭدە، بول ئۆزۈڭ،
زىكرۇ فىكرىڭنى ماڭا ھەمخانە قىل.

خالىقا، چۇن ئىيسا قىل ئازادەۋار،
شەۋقۇ زەۋقىمنى(353) ھەمىشە قىل بەرار.
دەرگەھىڭدە ھەم قويۇن ياڭلىغ مېنى
ئەيلە دائىم ھەسرەتىڭدە بىقەرار.

خالىقا، گىريانلىغىمنى ئەيلە نوھ،
تەۋبەئى زارىمنى قىل مىسلى نوسوھ.
بارچەدىن بىگانە ئەيلەپ بۇ تېنىم،
قىل بۇ قۇلنى مۇردە جىسمۇ زىندە روھ.

خالىقا، قىل جانۇ دىل كوھىڭ سارى،
ئەقلۇ ھوشۇمنى ئىبەر سۆيۈك سارى.
بەند قىل چەشمۇ زەبان زىكرىڭ بىلە،
دېسە ياھۇ ھەر زەبان مويۇڭ سارى[179A].(354)

خالىقا، ئىشق ئوتىغە قىل كۆل مېنى،
ياكى قىل گۇل يۈزۈڭە بۇلبۇل مېنى.
خارى ھىجراندىن مېنى خار ئەيلەمە،
مەھرەمى ۋەسلىڭ ئارا قىل قۇل مېنى.

خالىقا، جۇرمۇمچە بار يۈز مىڭ ئۇمىد،
سۈبھى ۋەسلىڭ شامى غەمغە قىل دەمىد.
لۇتفۇڭغا چۈن مەۋج دەريا قەھرىدىن⑬⑮،
قورقارەم تىترەپ چۇ مەن لەرزانى بىد.

خالىقا، «لاتەقنەتۇ» ۋەئدەڭ ماڭا،
كۆز تۇتارمەن رەھمەتىڭدىن مەن ساڭا.

سەن ھەبىبىڭنى ماڭا قىلدىڭ رەسۇل،
ئاسىيلار جۇرمىن باغىشلادىڭ ئاڭا.

خالىقا، يۈز شۈكر، ساڭا بەندەمەن،
مېھرىبانسەن، گەرچە مەن شەرمەندەمەن.
گەرچە ئۇممەتمەن نەبىيلەر تاجىغە،
لېك فىئلىمدىن ۋەلى تەرسەندەمەن.

ئاللاھۇممە ئەغفىرلى ۋەلىۋالىدەيى ۋەل ـ ئۇستازىيى ۋەلى جەمىئۇل ـ مۇئمىنىنە ۋەل ـ مۇئمىناتى ۋەل ـ مۇسلىمىنە ۋەل ـ مۇسلىمات، ئامىن.

ۋە يەنە بۇ بىچارەنىڭ ۋە غەرب ئەۋۋارەنىڭ تەمەئى ئولدۇركىم[180A]، ئەگەر بۇ كىتاب ھەر ھۇشمەندىينىڭ قولىغە تۈشسە، ۋەيا نۇكتەسەنجىينىڭ نەزەرىغە مەرئى ئولۇنسە بۇ بىچارەئى كەمىنەئى مۇھەققەرنىڭ فاتىھەئى فايىھەئى ئۇممۇل قۇرئان بىلە ياد ئېتىپ، سەھۋ ۋە خەتاسىغە ئىسلاھ قەلەمىن چەكسە، ئۇممىد ئولدۇركىم، ئەجرى ئەزىم تاپقاي، ئىنشا ئاللاھۇ تەئالا.

ئىتمام يافت ئىن نۇسخە سىنە 1263، ھەزارۇ دوسەدۇ شىستۇ سىھ دەر سالى گوسفەند ۋە دەرماھى جەمىدەل ـ ئاخىر دەر دەستى مۇھەممەد شاھ يۈنۈسخان خاجە ئىبنى ئىشان خاجە ئىشان مەرغىنانى غەفەرەللاھۇ زۇنۇبەھا ۋەسەتتەرە ئۇيۇبەھا، تەممەت[181A].

ئىزاھات:

㉗ بۇ سۆز A نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، B نۇسخىدا «مىھنەت ئوتۇننى»، C، D نۇسخىلاردا «مىھنەت ئوتىنى» دېيىلگەن.

㉘ بۇ سۆز A، B، D نۇسخىلاردا يوق، C نۇسخىغا ئاساسەن تولۇقلاندى.

㉙ بۇ سۆز A نۇسخىدا يوق، B، C، D نۇسخىلارغا ئاساسەن تولۇقلاندى.

㉚ بۇ سۆز A، B، D نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، C نۇسخىدا «قىباب» دېيىلگەن.

㉛ بۇ قىتئەنىڭ 3 ـ مىسراسى بىلەن 4 ـ مىسراسى C نۇسخىدا ئۆزئارا ئالمىشىپ قالغان.

㉜ بۇ سۆز A، B، D نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، C نۇسخىدا «تەھارەت بىرلە» دېيىلگەن.

㉝ بۇ سۆز A، B، D نۇسخىلاردا يوق، C نۇسخىغا ئاساسەن تولۇقلاندى.

㉞ بۇ سۆز A نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، B، C، D نۇسخىلاردا «ئەتسە» دېيىلگەن.

㉟ بۇ سۆز A، B، D نۇسخىلاردا يوق، C نۇسخىغا ئاساسەن تولۇقلاندى.

㊱ بۇ سۆز A نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، B نۇسخىدا «زىبىلىق»، C نۇسخىدا «زىبىبۇ زىينەت»، D نۇسخىدا «زىبىلىغ» دېيىلگەن.

㊲ بۇ سۆز A، B نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، C، D نۇسخىلاردا «ئايتۇر» دېيىلگەن.

㊳ بۇ سۆز A، C نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، B، D نۇسخىلاردا «ئەدەم» دەپ كۆچۈرلۈپ قالغان.

㊴ بۇ سۆز A، B، D نۇسخىلاردا يوق، C نۇسخىغا ئاساسەن تولۇقلاندى.

㊵ تىرناق ئىچىگە ئېلىنغان ئۈچ مىسرا A نۇسخىدا يوق، B، C، D نۇسخىلارغا ئاساسەن تولۇقلاندى.

(251) بۇ سۆز A نۇسخىدا «تاپىپ» دېگەن سۆزنىڭ ئالدىغا كۆچۈرۈلۈپ قالغان، B، C، D نۇسخىلارغا ئاساسەن تۈزىتىلىپ ئېلىندى.

(252) بۇ سۆز A، B، D نۇسخىلاردا يوق، C نۇسخىغا ئاساسەن تولۇقلاندى.

(253) بۇ سۆز A، B، D نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، C نۇسخىدا «ئەلتافى» دېيىلگەن.

(254) بۇ جۈملە A، B، D نۇسخىلاردا يوق، C نۇسخىغا ئاساسەن تولۇقلاندى.

(255) بۇ سۆز A، B، D نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، C نۇسخىدا «دەۋلەتۇ سىھھەد» دېيىلگەن.

(256) بۇ جۈملە A نۇسخىدا يوق، B، C، D نۇسخىلارغا ئاساسەن تولۇقلاندى.

(257) بۇ سۆز A، B، D نۇسخىلاردا يوق، C نۇسخىغا ئاساسەن تولۇقلاندى.

(258) بۇ سۆز A، B نۇسخىلاردايۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، C نۇسخىدا «غۇربەت»، D نۇسخىدا «غەرىب» دېيىلگەن.

(259) بۇ سۆز A، B، D نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، C نۇسخىدا «نەزم» دېيىلگەن.

(260) بۇ سۆز A، B، D نۇسخىلاردا يوق، C نۇسخىغا ئاساسەن تولۇقلاندى.

(261) بۇ سۆز A، B، D نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، C نۇسخىدا «بەيانىدا» دېيىلگەن.

(262) بۇ سۆز A نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، B، C، D نۇسخىلاردا «نۇكتە» دېيىلگەن.

(263) تىرناق ئىچىگە ئېلىنغان سۆزلەر A نۇسخىدا يوق، B، C، D نۇسخىلارغا ئاساسەن تولۇقلاندى.

(264) بۇ سۆز A نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، B، C، D نۇسخىلاردا «فەراسەت» دېيىلگەن.

(265) تىرناق ئىچىگە ئېلىنغان سۆزلەر A نۇسخىدا يوق، B، C، D نۇسخىلارغا ئاساسەن تولۇقلاندى.

(266) بۇ سۆز A نۇسخىدا يوق، B، C، D نۇسخىلارغا ئاساسەن تولۇقلاندى.

(267) بۇ جۈملە A نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، B، D نۇسخىلاردا «خەتاسىغە ئەتا قىلۇرلار ۋە جەھلىغە سەبر ۋە سۈكۈت قىلدىلار» دېيىلگەن. C نۇسخىدا «خەتاسىغە ئەتا ۋە جەھلىغە سەبر ۋە سۈكۈت قىلدىلار» دېيىلگەن.

(268) بۇ سۆز A نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، B، C، D نۇسخىلاردا «ھەر ئاشيانغە» دېيىلگەن.

(269) تىرناق ئىچىگە ئېلىنغان سۆزلەر A، B، D نۇسخىلاردا يوق، C نۇسخىغا ئاساسەن تولۇقلاندى.

(270) بۇ سۆز A نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، B، C، D نۇسخىلاردا «ئۇلۇر» دېيىلگەن.

(271) بۇ سۆز A نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، B، C، D نۇسخىلاردا «سۇرەتى» دېيىلگەن.

(272) بۇ سۆز A، C نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، B، D نۇسخىلاردا «سىيرەتى» دېيىلگەن.

(273) بۇ سۆز A نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، B، D نۇسخىلاردا «تەئەسسۇفىدە»، C نۇسخىدا «تەئەسسۇف بىرلە» دېيىلگەن.

(274) بۇ سۆز A نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، B، C، D نۇسخىلاردا «مۇندە» دېيىلگەن.

(275) بۇ جۈملە A نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، C نۇسخىدا «ناگاھ پادىشاھ بولارنى چىرلاتىپ»، B، D نۇسخىلاردا «ناگاھ بۇلارنى پادىشاھ چارلاتىپ» دېيىلگەن.

(276) بۇ ماۋزۇ A، B، D نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، C نۇسخىدا «رۇبائىياتى بەتەرتىقەئى تەنبىھ» دېيىلگەن.

(277) بۇ سۆز A، B، D نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، C نۇسخىدا «يۇتمايىن» دەپ كۆچۈرۈلۈپ قالغان.

(278) بۇ سۆز A نۇسخىدا «ئۆتكەن» دەپ كۆچۈرۈلۈپ قالغان، B، C، D نۇسخىلارغا ئاساسەن تۈزىتىلدى.

(279) بۇ سۆز A، B، D نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، C نۇسخىدا «ئىككى» دېيىلگەن.

(280) بۇ سۆز A نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، B، C، D نۇسخىلاردا «دەم بول» دېيىلگەن.

281 بۇ سۆز A نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، B، C، D نۇسخىلاردا «كۆيگىلۇ يول» دېيىلگەن.

282 بۇ سۆز A، B، D نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، C نۇسخىدا «قىلغىل» دېيىلگەن.

283 بۇ جۈملە A نۇسخىدا يوق، B، C، D نۇسخىلارغا ئاساسەن تولۇقلاندى.

284 بۇ سۆز A نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، B، C، D نۇسخىلاردا «ئالۇر» دېيىلگەن.

285 بۇ سۆز A نۇسخىدا يوق، B، C، D نۇسخىلارغا ئاساسەن تولۇقلاندى.

286 بۇ جۈملە A، B، D نۇسخىلاردا يوق، C نۇسخىغا ئاساسەن تولۇقلاندى.

287 بۇ سۆز A، B، D نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، C نۇسخىدا «كۆرۈر» دېيىلگەن.

288 بۇ سۆز A نۇسخىدا «ئارتىپ» دەپ كۆچۈرۈلۈپ قالغان، B، C، D نۇسخىلارغا ئاساسەن تۈزىتىلدى.

289 بۇ سۆز A، B، D نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، C نۇسخىدا «جەللى» دېيىلگەن.

290 بۇ جۈملە A نۇسخىدا يوق، B، C، D نۇسخىلارغا ئاساسەن تولۇقلاندى.

291 بۇ سۆز A، B، D نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، C نۇسخىدا «بىئەلەم» دېيىلگەن.

292 بۇ سۆز A، B، D نۇسخىلاردا يوق، C نۇسخىغا ئاساسەن تولۇقلاندى.

293 بۇ سۆز A، B، D نۇسخىلاردا يوق، C نۇسخىغا ئاساسەن تولۇقلاندى.

294 بۇ سۆز A نۇسخىدا يوق، B، C، D نۇسخىلارغا ئاساسەن تولۇقلاندى.

295 بۇ سۆز A، B، D نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، C نۇسخىدا «رۇھ» دېيىلگەن.

296 بۇ سۆز A، B، D نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، C نۇسخىدا «ئەجەل» دېيىلگەن.

297 بۇ جۈملە A، D نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، B نۇسخىدا «مەخفى يوق ئېردى»، C نۇسخىدا «مەخفى ۋە مەستۇر يوق ئېردى» دېيىلگەن.

298 بۇ سۆز A نۇسخىدا يوق، B، C، D نۇسخىلارغا ئاساسەن تولۇقلاندى.

299 بۇ سۆز A، B، D نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، C نۇسخىدا «تاپىپدۇر» دېيىلگەن.

300 بۇ سۆز A نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، B، D نۇسخىلاردا «يۇمماس»، C نۇسخىدا «يۈرمەس» دېيىلگەن.

301 بۇ سۆز A نۇسخىدا «خۇدبىن» دەپ كۆچۈرۈلۈپ قالغان، B، C، D نۇسخىلارغا ئاساسەن تۈزىتىلدى.

302 بۇ سۆز A نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، B، D نۇسخىلاردا «بولسە»، C نۇسخىدا «بولماسە» دېيىلگەن.

303 بۇ سۆز A، B نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، C نۇسخىدا «گەۋھەر يار»، D نۇسخىدا «بولسە گەر ھەر يار» دېيىلگەن.

304 بۇ جۈملە A، B، D نۇسخىلاردا يوق، C نۇسخىغا ئاساسەن تولۇقلاندى.

305 بۇ سۆز A نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، B، C، D نۇسخىلاردا «قىتئە» دېيىلگەن.

306 بۇ سۆز A نۇسخىدا يوق، B، C، D نۇسخىلارغا ئاساسەن تولۇقلاندى.

307 بۇ سۆز A، B، D نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، C نۇسخىدا «سەۋداسى» دەپ كۆچۈرۈلۈپ قالغان.

308 بۇ سۆز A، B، D نۇسخىلاردا يوق، C نۇسخىغا ئاساسەن تولۇقلاندى.

309 بۇ سۆز A، B، D نۇسخىلاردا يوق، C نۇسخىغا ئاساسەن تولۇقلاندى.

310 بۇ سۆز A نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، B، C، D نۇسخىلاردا «تەئبىر» دېيىلگەن.

311 بۇ سۆز A نۇسخىدا «ئىستەرگە» دەپ كۆچۈرۈلۈپ قالغان، B، C، D نۇسخىلارغا ئاساسەن تۈزىتىلدى.

312 بۇ سۆز A، B نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، C نۇسخىدا «ئەقلىن ئۇل زايىل قىلۇر» دېيىلگەن.

(313) بۇ سۆز A نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، B، C نۇسخىلاردا «بولۇر» دېيىلگەن.

(314) بۇ سۆز A، B نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، C نۇسخىدا «ئەيلە» دېيىلگەن.

(315) بۇ ماۋزۇ C نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، A، B نۇسخىلاردا «پەندنامە» دېيىلگەن.

(316) بۇ سۆز A، B نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، C نۇسخىدا «ئەزىز» دېيىلگەن.

(317) بۇ سۆز A نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، B، C نۇسخىلاردا «بولسە» دېيىلگەن.

(318) بۇ سۆز A نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، B، C نۇسخىلاردا «ئۇلدى» دېيىلگەن.

(319) بۇ سۆز A نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، B، C نۇسخىلاردا «كىمكى» دېيىلگەن.

(320) بۇ سۆز A، B نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، C نۇسخىدا «كىم» دېيىلگەن.

(321) بۇ سۆز A نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، B، C نۇسخىلاردا «تەن لىباسىنى» دېيىلگەن.

(322) بۇ سۆز A نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، B، C نۇسخىلاردا «چەشمۇ» دېيىلگەن.

(323) بۇ سۆز A، B، C نۇسخىلاردا «مەجازىڭنى» دەپ كۆچۈرۈلۈپ قالغان، مەنا ئېتىبارى بىلەن «مىزاجىڭنى» دەپ ئۆزگەرتىلدى.

(324) بۇ سۆز A نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، B نۇسخىدا «ئىككى»، C نۇسخىدا «ئىككى سەن» دېيىلگەن.

(325) بۇ سۆز A نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، B، C نۇسخىلاردا «ئەتمە» دېيىلگەن.

(326) بۇ سۆز A نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، B، C نۇسخىلاردا «يالغان» دېيىلگەن.

(327) بۇ سۆز A نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، B، C نۇسخىلاردا «تولماغىل» دېيىلگەن.

(328) بۇ سۆز A، B نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، C نۇسخىدا «قاتىل» دېيىلگەن.

(329) بۇ سۆز A، B نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، C نۇسخىدا «خۇلقى» دېيىلگەن.

(330) بۇ ماۋزۇ C نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، A، B نۇسخىلاردا «پەندنامە» دېيىلگەن.

(331) بۇ سۆز A نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، B، C نۇسخىلاردا «ساھىب» دېيىلگەن.

(332) بۇ سۆز A نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، B، C نۇسخىلاردا «فەيز ھەق» دېيىلگەن.

(333) بۇ سۆز A نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، B، C نۇسخىلاردا «ئىزىن» دېيىلگەن.

(334) بۇ سۆز A نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، B، C نۇسخىلاردا «قۇل» دېيىلگەن.

(335) بۇ سۆز A نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، B نۇسخىدا «يەد»، C نۇسخىدا «بەد» دېيىلگەن.

(336) بۇ سۆز A نۇسخىدا «تەئخىرى قەتل» دەپ كۆچۈرۈلۈپ قالغان، B، C نۇسخىلارغا ئاساسەن تۈزىتىلىپ ئېلىندى.

(337) بۇ سۆز A نۇسخىدا «لۇتفى رەھماندۇر» دېيىلگەن، B، C نۇسخىلاردا كۆچۈرۈلگىنى بويىچە ئېلىندى.

(338) بۇ سۆز A، B نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، C نۇسخىدا «خاجە» دېيىلگەن.

(339) بۇ سۆز A، B نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، C نۇسخىدا «كويى دىندە» دېيىلگەن.

(340) بۇ سۆز A نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، B، C نۇسخىلاردا «گويىيا ھەر بابغە» دېيىلگەن.

(341) بۇ سۆز A نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، B، C نۇسخىلاردا «ئىچۈرۈر» دېيىلگەن.

(342) بۇ سۆز A، B نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، C نۇسخىدا «ئەقل، ئەي قوياش» دېيىلگەن.

(343) بۇ سۆز C نۇسخىدا يوق.

(344) بۇ سۆز A نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، B نۇسخىدا «لەھزە ئۆمرىڭكى»، C نۇسخىدا «لەھزە ئۆمرىڭغە» دېيىلگەن.

㉟345 بۇ سۆز A ، B نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، C نۇسخىدا «بولۇر» دېيىلگەن.

346 بۇ سۆز A نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، B نۇسخىدا «دەھانىڭگە قوياش»، C نۇسخىدا «دەھانىڭ، ئەي قوياش» دېيىلگەن.

347 بۇ سۆز A ، B نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، C نۇسخىدا «زەمانغە» دېيىلگەن.

348 بۇ مىسرا A نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، B نۇسخىدا «بىلمەدى ھالى ئىچۇكدۇر ياتۇ ئۆز»، C نۇسخىدا «بىلمەدى ھالى سۇچۇكدۇر، ياكى تۇز» دېيىلگەن.

349 بۇ سۆز A ، B نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، C نۇسخىدا «غەم يەي دېمە» دېيىلگەن.

350 بۇ سۆز A نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، B نۇسخىدا «بۇ سۆزلەرنىڭ، ئىلاھ»، C نۇسخىدا «بۇلارنىڭ، يا ئىلاھ» دېيىلگەن.

351 بۇ سۆز A ، B نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، C نۇسخىدا «نەفئى يەتسە» دېيىلگەن.

352 بۇ سۆز A ، B نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، C نۇسخىدا «تويدۇرگەلى» دېيىلگەن.

353 بۇ سۆز A ، B نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، C نۇسخىدا «زەۋقۇ شەۋقۇمنى» دېيىلگەن.

354 بۇ مىسرا A نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، B نۇسخىدا «دېسە ياھۇ ھەر سەرى كويۇڭ سارى»، C نۇسخىدا «دېسە ياھۇ ھەر سارى مويۇڭ سارى» دېيىلگەن.

355 بۇ سۆز A ، B نۇسخىلاردا «قەھرىدىن»، C نۇسخىدا «قەئرىدىن» دېيىلگەن.



مەزمۇنى: (كۆپ بىلگۈسى كەلگەن ئاز مۇگدىسۇن)

—— ئۇيغۇر خەلق ماقالى

خەتتات: ھەبىبۇللاھ ھامۇت زەۋقى




نەشرگە تەييارلىغۇچى: يۈسۈپ ئىگەمبەردى

## يەتتىنچى تەبقە
## مۇھەممەد ئىبنى ھسامىددىن كۇھىستانىي

[مۇھەممەد ئىبنى ھسامىددىن كۇھىستانىي] كۆپرەك ئىبنى ھسام نامى بىلەن مەشھۇر. ئۇ ئىنتايىن خۇش سۆزلۈك، شائىرلىقتا يۇقىرى ماھارەتلىك ئىدى. ئۇ سەۋر ۋە قانائەتنى خەلقتىن ئۆگەنگەن. ئەسلى كۇھىستاننىڭ خۇسف يېزىسىدىن. دېھقانچىلىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلغان. ئۇ ئۆكۈزنى يېتىلەپ، تاڭ سەھەر دالىغا چىقاتتى ۋە كەچكىچە ئېيتقان شېئىرلىرىنى كەتمەن دەستىسىگە يازاتتى. بەزىلەر ئۇنى ئەزىز ـ ئەۋلىيا، دەپ ھېسابلىشىدۇ. [ئىبنى ھسام] مەنقەبەتگويلۇقتا زامانىسىنىڭ تەڭدىشى يوق شائىرى ئىدى... ئىبنى ھسام ھىجرىيە 875 (مىلادىيە 1470) ـ يىلى ۋاپات بولدى.

## جۇنۇنىي ئەندىخۇدىي

[جۇنۇنىي ئەندىخۇدىي] خۇش سۆزلۈك ۋە ئىقتىدارلىق كىشى. ئەسلى ئەندىخۇد ۋىلايىتىدىن ئىدى، لېكىن پايتەخت ھىراتتا ئولتۇراقلىشىپ قالغان. ئاتاقلىق ئەمىرلەر، [بولۇپمۇ] ياشلار ئۇنىڭ بىلەن ياخشى مۇئامىلىدە ئىدى. مەرھۇم ئەمىر غىياسىددىن سۇلتان ھۇسەين ئىبنى فىرۇز شاھ ئۇنى چىن دىلىدىن ھۆرمەت قىلاتتى. [جۇنۇنىينىڭ] تەبىئىتى ھەزىلگە مايىل ئىدى. ئۇ كۆپىنچە شائىرلارنى ھەجۋى

* بېشى ئۆتكەن ساندا

قىلغانىدى. ھافىز تۇربەتىنى شۇنداق ئۆتكۈر ھەجۋ قىلغانكى، [ئۇلارنى] بۇ كىتابتا كەلتۈرۈش ئەدەپكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. مانا بۇ غەزەلنى ئۇ ئېيتقان:

مەن دېدىم: قاشىڭمۇ يا بايرام تۈنى چىققان ھىلال؟
ئۇ دېدى: روشەندۇرۇر ھەر كۆزى بار زاتقا بۇ ھال.
مەن دېدىم: بۇ يېڭى ئاينى نە ئۈچۈن كۆرمەك قىيىن؟
ئۇ دېدى: كۆرۈنمىكى قاشىم ھاياسىدىن ماھال.
مەن دېدىم: بايرام تۈنى ئۇ قاش سەۋەب غوۋغا نېچۈن؟
دېدى: بۇ غەۋغانى كۆرگەن كۆرمىگەن باشقا جامال.
مەن دېدىم: ۋەسلىڭ كۆرۈش ئىشقىدا كۆز ياشىم گاداي؟
ئۇ دېدى: كويۇڭدا كۆپ قاتنار گاداي ئىستەپ ۋىسال.
مەن دېدىم: چىققۇنچە ئۆزگە ئاي جۇنۇننى ئەتمە تەرك،
ئۇ دېدى: قىلساڭ سەۋر چىققاي يەنە ئۇشبۇ ھىلال.

## خاجە فەخرىددىن ئەۋھەدىي①

خاجە ئەۋھەدىي ھەكىم ۋە بىلىملىك، بارچە ئىلىملەردە، بولۇپمۇ ئىلمىي نۇجۇمدا ھۆكۈم چىقىرىش ئىلىملىرىدىن خەۋەردار كىشى ئىدى، بۇ ئىلىملەردە زاماندىشلىرى ئىچىدە تەڭدىشى يوق ئىدى; شېئىر ۋە شائىرلىق جەھەتتىمۇ زامانىسىنىڭ يېتىلگەن كىشىسى ئىدى. خەتتاتلىق، يېزىقچىلىق، تېبابەت، ماغارىپ ئىلىملىرىدە ئۆز زامانىسىدە ئۇنىڭدەك يېتىلگەن قامۇسىي ئالىم بولمىغان.

خاجە[فەخرىددىن] ئەۋھەدىي سەۋزەۋارنىڭ تونۇلغان زاتلىرىدىن. ئۇنىڭ خاندانىدىن چىققانلارنى مۇستەففىيلەر دېيىشىدۇ. ئۇنىڭ زىكرى بەيھەقىينىڭ تارىخىدا② كەلتۈرۈلگەن.

خاجە [فەخرىددىن] ئەۋھەدىي بىلىملىك ۋە پەزىلەتتە كامالەتكە يەتكەنلىكى ئۈچۈن، پېقىرلىق ۋە دەرۋىشلەرچە خۇسۇسىيەت پەيدا قىلدى. چېچەن ۋە ئىستېداتلىق كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دائىم ئۇنىڭ سۆھبىتىگە بېرىپ ئىلىم ئىگىلەش بىلەن مەشغۇل ئىدى. خاجە [فەخرىددىن] پارس، ئەرەب ۋە باشقا تىللاردا يېزىلغان مىڭ جىلد كىتاب توپلىغان. ئۇلارنىڭ [ئۈچۈپ كەتكەن يەرلىرىنى] ئۆزىنىڭ مۇبارەك خېتى بىلەن تىكلىگەنىدى. ئۇنىڭ بۇ دۇنيادا ئەقلىنى ئاشۇرۇشتىن بۆلەك كەسپكە ھەۋىسى يوق ئىدى. ئۇنىڭدىن ياخشى سۆزلەر ۋە ياخشى كىتابلار يادىكار بولۇپ قالدى. ئەتراپلاردىكى ئەمىرلەر، ۋەزىرلەر خاجەگە ياخشى ئىنئاملارنى ئەۋەتتى، خاجە ئۇلارنى ھەمراھلىرىنىڭ ۋە شاگىرتلىرىنىڭ تىرىكچىلىكىگە سەرپ قىلاتتى. مۇشۇ كۈنلەردە ئۇ نادىرى دەۋرانىنىڭ مەنزىل ۋە ماكانى ئالىملارنىڭ ئارزۇ قىلىدىغان ۋە يىغىلىدىغان جايىدۇر. دانىشمەنلەر ۋە بىلىمدانلارنىڭ قىبلىگاھى، پازىللار ۋە ھەكىملەرنىڭ يېتەكچىسى مەۋلانا غىياسىددىن مۇھەممەد جانابلىرى ـــ ئەگەر جالىنۇس③ تىرىك بولغان بولسا، ئۇنىڭدىن ئىلىم ۋە ھېكمەت ئۆگەنگەن بولاتتى ـــ مۇشۇ كۈنلەردە قېرىنداشلىق يۈزىسىدىن خاجە ئەۋھەدىينىڭ ۋارىسىدۇر. ئۇ بۇزرۇكۋارنىڭ شەرەپلىك مەنزىلىدە ئوقۇش ۋە ئۆگىنىش ئۈچۈن شارائىتلار ئۇ ئۆزى تىرىك ۋاقتىدىكىدەكلا، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ ئىككى ھەسسە ئارتۇقتۇر.

تا كىشى ئىكەن بەر هايات،
قالدۇرۇر يادىكار ئېتىپ ئۇ زۇررىيات.

خاجە [فەخرىددىن ئەۋھەدىي] يۇكسەك پەزىلەتلىك، يېتۇك شائىرلاردىن ئىدى. ئۇنىڭ شەرەپلىك دىۋانى، قەسىدىلەر، قىتئەلەر ھەمدە يېقىملىق غەزەللەردىن تۈزۈلگەن...

خاجە [فەخرىددىن ئەۋھەدىي] 81 يىل ئۆمۈر كۆردى. ئۇ ھىجرىيە 868 (مىلادىيە 1464) ـ يىلى پاكىزە ئېتىكىنى بۇ مېھنەتلەرگە تولغان دۇنيانىڭ چاڭ ـ توزانلىرىدىن خالىي قىلىپ، ئەبەدىيلىك دۇنياسىغا يۈرۈپ كەتتى. خاجە يەككە ـ يىگانە ئۆتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئەجداد ۋە ئەۋلادلارنىڭ پاراۋانلىقىدىن مەھرۇم. بەلكى سائادەت غەمخورلۇقى ۋە كەمبەغەللەردىن بالاسىدىن خالىي ئىدى...

### ئەمىنىددىن نۇزۇل ئابادىي

[ئەمىنىددىن نۇزۇل ئابادىي] پەزىلەتلىك، ئالىي نەسەبلىك زات ئىدى.

نۇزۇل ئاباد بەيھەق يېزىلىرىدىن بىرىدۇر. ئەمىنىددىن زىرەك ۋە خۇش پېئىل ئىدى. ئۇ مەۋلانا كاتىبى ۋە خاجە ئەلى شەھاب بىلەن [شائىرلىقتا] بەسلىشەتتى...

ئەمىنىددىن مەسنەۋى ئېيتىشتا زور ئىستېداتى بولغانلىقى ئۈچۈن، بىرنەچچە مەسنەۋى كىتابلىرىنىمۇ يازغان. [ئۇنسۇرىينىڭ] «شام ۋە پەرۋانە» ئەسىرىگە جاۋابەن يېزىلغان «مىسباھۇل ـ قۇلۇب» (قەلبلەر چىرىغى) ۋە «سەلەۋاتەت ـ تالىبىن» (تالىبلارنىڭ نامازلىرى) ئەسەرلىرى بار. «ئەقىل ۋە ئىشق» داستانى، «فەتھ ۋە فۇتۇھ» قىسسىسى قاتارلىقلارمۇ ئۇنىڭ ئەسەرلىرى جۈملىسىدىندۇر. مانا بۇ غەزەلمۇ ئۇنىڭ:

ئەينەك كەبى ھۆسنۈڭگە گەر چۈشسە كۆزۈم، ساھىبجامال،
كىرپىكلىرىمدىن ياش ئاقار، ھەيرەتكە سالغاي ئۇ ماقال.
تۈم قارا چېچىڭ دامىدا كۆڭلۈم چېكەر كۆپ ئىزتىراب،
بۇنداق تۇزاققا چۈشسە قۇش شۇنداق تېپىرلار بىماجال.
ئىككى كۆزۈمدىن ياش ئېقىپ قوغلار خىيالىڭنى سېنىڭ،
ئۇيقۇنى بىلمەس كۆزلىرىمنى تەرك ئېتىپ كەتكەي خىيال.
ئاھ ئۇرغىنىمدا ئۆرتىنىپ، كۆپ چايقىلۇر ھالسىز بەدەن،
گويا كۆچەت لەرزان بولۇر چىقسا ئەگەر تاڭدا شامال.
يەتسەم ۋىسالىڭنىڭ ئەگەر شادلىقىغا بىر پەس، ئەمىن،
جىسمىمنىڭ ھالى نە بولۇر روھ ئۇچسا گەر ئىزلەپ زاۋال.

### ساھىب بەلخىي④

ساھىب بەلخىي 15 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئىستېداتلىق شائىرلاردىن بىرى، شۇنداقلا مۇزىكاشۇناس ئالىم، [ساھىب بەلخىي] ئىستېداتلىق ۋە بىلىملىك كىشى ئىدى، تۈرلۈك ئىلىملەر بىلەن، بولۇپمۇ تېبابەت ۋە

مۇزىكا پەنلىرى بىلەن شۇغۇللىناتتى، شائىرلىقتىمۇ كامىل ئىدى؛ بەدەخشان شاھلىرى ۋە تېرمىزنىڭ ئۇلۇغ زاتلىرى ھەققىدە پاكىزە قەسىدىلەرنى يازغان...

ئەمما، بەدەخشان پادىشاھلىرى قەدىمىي سۇلالە ۋە كەرەملىك شاھلاردىن ئىدى. بەزى ئالىملار ئۇلارنىڭ نەسەبىنى زۇلقەرنەيىن نامى بىلەن مەشھۇر بولغان ئىسكەندەر فەيلەقۇس⑤ قا باغلايدۇ. ئۇلار ئىران ۋە تۇران پادىشاھلىرى زامانىدا ھەممىشە ھۆرمەت ۋە ئېھتىرام ئۈستىدە ئىدى. پادىشاھلار بەدەخشانغا چېقىلمايتتى، ئۇلارغا ئىخلاسمەنلىك ۋە خىزمەت قىلىش بىلەن قانائەتلىنەتتى. بۇ خىل ئەھۋال ئۇزاق زامانلار داۋامىدا ئۆتكەن پادىشاھلار دەۋرىدىن داۋام قىلىپ كەلگەنىدى. بەختىيار خاقان ئەبۇ سەئىد سۇلتان⑥... بەدەخشان ۋىلايىتىنىڭ ئاب، ھاۋاسىنىڭ يېقىملىق ۋە ياخشى ئىكەنلىكىنى ئىشىتىپ، ئۇنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا كىرگۈزۈشنى قارار قىلدى. بىگۇناھ شاھلارنى قىرىپ تاشلاشقا بەل باغلاپ، لەشكەر تارتتى ۋە ئاشۇ مەملىكەتلەرنى ئىشغال قىلدى. سۇلتان مۇھەممەد شاھ ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادى ھەم قېرىنداش ئۇلۇغلىرىنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇدى. ھجرىيە 871 (مىلادىيە 1467) ـ يىلى ئاشۇ بىچارە شاھلار سۇلتان ئەبۇ سەئىدنىڭ پەرمانى بىلەن شېھىت قىلىندى. كەرەملىك شاھلارنىڭ قەدىمىي خانىدانى ۋەيران بولۇپ، ئۇلارنىڭ نەسلى ئۈزۈلۈپ قالدى. ئاشۇ مۇبارەك خانىدانغا قىلىنغان قەست سۇلتان ئەبۇ سەئىدقىمۇ بەخت كەلتۈرمىدى. ئۇلارغا بىر يۇتۇم [زەھەر] ئىچۈرگەن ئىدىشتىن كۆپ ۋاقىت ئۆتمەيلا ئۆزىمۇ ئىچتى.

## شەرەفىددىن رىزا سەبزەۋارىي

[شەرەفىددىن رىزا سەبزەۋارىي] نەسلى ـ نەسەبى ئېسىل، خۇش پېئىل، مۇلايىم تەبىئەتلىك ئادەم ئىكەن. ئۇنىڭ شېئىرلىرى كۆڭۈلنى ئۆرتەيدۇ، ئۇنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى سەربەدارلار ۋە ئەلى مۇئەييەد دەۋرىدە ۋەزىر بولغانىكەن. ئۇلۇغ خاقان شاھرۇھ سۇلتان زامانىدا سۇلتانلىقنى كىيىم ـ كېچەك بىلەن تەمىنلەش ئۇنىڭ زىممىسىدە ئىدى. خوراساننىڭ چوڭ ۋىلايەتلىرىدىن ھېسابلىنىدىغان سەبزەۋارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىمۇ ۋارىسلىق يوزىسىدىن ئۇنىڭغا مەنسۇپ بولغان. ئۇ كىشى ئەرۇزىي سەيىدلىرى⑦ جۈملىسىدىندۇر. ئەرۇزىيلار نەسەبى ھەققىدە كاتتا زاتلار ئارىسىدا ئىختىلاپ بار. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ۋەزىرلەرنىڭ نەمۇنىسى بولغان خاجە غىياسىددىن پىر ئەھمەد [خەۋافىي...] ۋەزىرلىك دەۋرىدە سەيىد [شەرەفىددىن]نى ئەرزىمەس بىر گۇناھى ئۈچۈن قاماپ قويىدى. ئۇ بىرمۇنچە ۋاقىت زىنداندا ياتتى. بىرەر كىشى بىچارە سەيىدنى ئازاد قىلىشقا ھەرىكەت قىلمىدى. شۇ چاغدا ئۇ مانا بۇ رۇبائىينى يېزىپ سەدرى رەفىئكە ئەۋەتتى:

ئەي ئاسەف⑧، مەرتىۋىلىك، جەمشىد مىسال كەيۋانىي⑨ شاھ،  
ھالقاڭ قولىقىڭدا يانار خۇددى ئون تۆت كۇنلۇك ماھ.  
شەھرى ھىراتتا بەردى يۈز بەكمۇ خۇنۇك بىر ۋاقىئە،  
مەندە چۇ زەنجىر، سەدرنىڭ باشىدا نەۋرۇزىي كۇلاھ.

ئەمىر ئۇۋەيس سەدرى سۆرۈن چىراي كىشى بولۇپ، ئاتمىش ياشتا ئىدى. ھەمەل ئايلىرى كىرمەستىنلا يەتمىش كۈن بۇرۇن بېشىغا نەۋرۇزىي كۇلاھ (نۇرۇز ئايلىرىدا كىيىدىغان كۇلاھ)نى كىيىۋالاتتى. ئۇ كۇلاھ بۇ ئادەمنىڭ بېشىدا خۇددى كەيتۇ چوققىسىغا چۈشكەن قاردەك كۆرۈنەتتى (بۇ يەردە شائىر شۇ-

نىڭغا ئىشارەت قىلغان...).

سەييىد شەرەفىددىن ئەمىر بابا ھەسەن قاۋچىن ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە ئۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشىلىرى تەرىپىدىن سەييىد شەرەفىددىننى نابۇت قىلىش ئۈچۈن ئېلىنغان مەبلەغ بەدىلىگە بۇ بىچارە سەييىد شېھىت قىلىندى. [بۇ ۋەقە] ھىجرىيە 859 (مىلادىيە 1455) ـ يىلى ئەتراپىدا سادىر بولدى.

## تاھىر بۇخارىي

ئىسمى شەيخزادە تاھىردۇر، خۇش پېئىل ئادەم ئىدى، سۇلتان [ئەبۇلقاسىم بابىر] دەۋرىدە پايتەخت ھىراتقا كېلىپ قالغان ۋە پايتەخت ئالىملىرى بىلەن يېقىن ئالاقىدە بولغانىكەن. كۆڭۈلنى كۆيدۈرىدىغان يېقىملىق شېئىرلىرى بار، بولۇپمۇ غەزەلدە تەخەللۇسى يوق شائىر ئىدى. پايتەخت ھىراتتا باشقا شېئىرلىرىغا قارىغاندا، غەزىلى كۆپرەك شۆھرەت قازاندى. زامان پادىشاھى [ئەبۇلقاسىم بابىر] ئۇنىڭ بىر غەزىلىنى بەكمۇ ياقتۇراتتى. كۆپچىلىك شائىرلار بۇ غەزەلگە نەزىرەلەر يازغان. بۇ غەزەل تۆۋەندىكىچە:

مەيگۇن لىۋى ئارزۇسىدا باغرى چۇ تۇن بولغاي كىشى،
ئوخشار ئۇ لەۋلەر غۇنچىگە، ھەم باغرى خۇن بولغاي كىشى.
تويدۇر جامالىڭغا دېسەم، ماڭا نەسىھەتلەر قىلۇر،
پەندىنى ئەگەر كۆپ ئاڭلىسا، بەندى جۇنۇن بولغاي كىشى.
ئۇرسام ئەگەر گاھىدا ئاھ، خەلق ھەم مالامەت ياغدۇرۇر،
چۇنكى قاچان مېھرى بىلەن باغرى پۇتۇن بولغاي كىشى؟
كۆڭۈلنى ئۇ ئەيلەر ئەسىر، قىلماس بىراق ئەسرنى ياد،
شەپقىتىنىڭ يوقلۇقىدىن ئاھى تۇتۇن بولغاي كىشى.
ئەگەشمە ئارتۇق، بەس، يېتەر، تاھىر، گۈزەللەر كەينىدىن،
كوچاسىدا ھوشىدىن كېتىپ، تەلۋە ئويۇن بولغاي كىشى.

سۇلتان بايسۇنقۇر زامانىدا تاھىر ئەبىۋەردىي دېگەن كىشىمۇ ئۆتكەن بولۇپ، ئۇمۇ خۇش سۆزلۈك شائىر ئىدى...

## خاجە مەھمۇد بەرەھنە

[خاجە مەھمۇد بەرەھنە] نازۇك تەبىئەتلىك ۋە خۇش سۆزلۈك كىشى ئىدى. ئۇ شائىرلىقتا شۇنداق مەرتۇۋىگە ئېرىشتىكى، تەرىپ ۋە تەسۋىرگە سىغمايدۇ. ئەمىرزادە ئەلائۇددەۋلە دەۋرىدە نىشاپۇردا ئىدى. كېيىن مۇقەددەس مەشھەد شەھىرىگە كەلدى. تەكەببۇر ۋە دىمىغى ئۈستۈن بولغانلىقى ئۈچۈن ئالىملار ۋە شائىرلار ئۇنىڭ بىلەن ناگاھ ـ ناگاندا ھۆرمەت يۈزىسىدىنلا كۆرۈشۈپ تۇراتتى ۋە ئۇنى ھەجۋ قىلاتتى. شۇ سەۋەبتىن خۇراساننى تاشلاپ كېتىشنى ئىختىيار قىلدى ۋە بەدەخشانغا باردى. بەختىيار شاھ سۇلتان مۇھەممەد بەدەخشانىي پەزىلەتلىك ۋە ساخاۋەتلىك، ئوي ـ پىكىرلىك، شېئىر ۋە شائىرلىقتىن خەۋەردار كىشى بولغاچقا، خاجە مەھمۇدنىڭ بېشىنى سىلىدى. ئۇ [خاجە] شاھ ئىنئام قىلغان ماللارنى سەرمايە قىد-

لىپ، [كۆپ ئۆتمەي] مالدار سودىگەر خاجەئى بۇزرۇك بولۇۋالدى. ئۇ تاكى بەختىيار سۇلتان ئەبۇسەئىد كۆرەگان دەۋرىگىچە مالدارلىقتا شۆھرەت تاپتى.

[خاجە مەھمۇد] مىرزا ئابدۇللاھقا ئاتاپ بىر «دەھنامە» يازدى ۋە تەجنىس سەنئىتى ھەمدە قاپىيە مۇقەررەرلىكىگە رىئايە قىلدى. دەرھەقىقەت، (ئۇ) ياخشى يېزىلغاندۇر...

خاجە مەھمۇد زامان سۇلتانىنىڭ [سۇلتان ئەبۇ سەئىدنىڭ] تەھسىن ۋە ئىنئامىغا سازاۋەر بولدى ۋە زور شۆھرەت ۋە ئېھتىراملار تاپتى. ھىجرىيە 872(مىلادىيە 1468) ـ يىلى ئۇنىڭ ھايات يۇلتۇزى بەقا چوققىسىدىن فەنا يارلىقىغا غۇلاپ چۈشتى...

## خاتىمە

خاتىمىمىز زامانىمىزدىكى بۈيۈك پەزىلەت ئىگىلىرىنىڭ ئەھۋالى ۋە مەرتىۋىلىرىنىڭ بايانىدا بولۇپ، بۈگۈن ئەقىل بوستانى ئۇلارنىڭ بېزەكلىك پەزىلەتلىرى بىلەن زىننەتلەنگەندۇر. مەملىكەت ئىنتىزامى ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدى ھەم ئادالىتى بىلەن تەرتىپلىكتۇر... ئەمما، بۇ زاماندىكى بىلىم ۋە ئىستېدات ئىگىلىرىنىڭ ئەھۋاللىرىنى بايان قىلىشنىڭ ھۆددىسىدىن بۇ ئاجىز قەلىمىم چىقالماس... زامان پادىشاھلىرىنىڭ سەرخىلى، شەرىئەت ۋە ئىسلامنىڭ تۈۋرۈكى، مۇسۇلمانلار مۇشكىلاتىنى ئاسان قىلغۇچى، سۇلتان [ھۈسەين بايقارا] ھەزرەتلىرىنىڭ سادىقلىرى ھەمدە تولۇق ئىلىم ۋە پەزىلەتنى ئۆزلىرىدە مۇجەسسەملىگەن، ھۈنەرپەرۋەرلىك ۋە سەنئەت سۆيەرلىك بىلەن ئۆتكەن ئۇلۇغلار ئادەتلىرىنى پاكىزە ئادەت قىلغان... ئالتە پەزىلەتلىك زاتنىڭ... ھالەت ۋە مەرتىۋىلىرىنى بىر ـ بىرىگە ئۇلاپ بايان قىلدىم...

## نۇرىددىن ئەبدۇررەھمان جامىي

مەۋلانا [نۇرىددىن ئەبدۇررەھمان جامىي]نىڭ ئەسلىي تۇغۇلغان جايى جام ۋىلايىتى خارجېرد يېزىسى بولۇپ، ئۆسكەن ۋە ھايات كەچۈرگەن يېرى پايتەخت ھىراتتۇر. ئۇ دەسلەپ ئىلىم، ئەدەپ ئۆگىنىش بىلەن مەشغۇل بولدى ۋە بارا ـ بارا زامان ئالىملىرىنىڭ يېتەكچىسىگە ئايلاندى. تەبىئىتىدە ئىلىم ۋە پەزىلەتنىڭ يەنىمۇ يۇقىرىراق دەرىجىدە كۆتۈرۈلۈشىنى ئىستىدى. [شۇنىڭ ئۈچۈن] تالىپلىق دەردى ئالىي ھىممەتلىك ئېتىكىدىن تۇتتى. مۇرىتلىق قولىنى مەرىپەت ئىگىسى، شەيخۇلئىسلام، ھەقىقەت ئىزدىگۈچىلەر قىبلەگاھى... شەيخلەر شەيخى، ئۇلۇغ خاجە بەھائۇددىن نەقشبەند⑩ جانابلىرىنىڭ... مۇرىت ۋە خەلىپىلىرىدىن سەييىد سەئىددىن مۇھەممەد كاشغەرىيگە⑪ بەردى. مەۋلانا [ئەبدۇررەھمان جامىي] بىر مۇنچە ۋاقىت مەۋلانا سەئىددىن [كاشغەرىينىڭ] ھۇزۇرىدا تولۇق ۋە مۇناسىپ خىزمەتلەرنى قىلدى؛ رىيازەت، مۇجاھىدلىق، پېقىرلىق سۇلۇكىدىن كۆپ مەرتىۋە ھاسىل قىلدى. ئۇ بۇزرۇكۋارنىڭ مۇبارەك خىزمەتلىرىنىڭ بەرىكىتى بىلەن مەۋلانا تەسەۋۋۇپتا ئالىي مەرتىۋىگە ئېرىشتى...

مەۋلانا سەئىددىن كاشغەرىيدىن كېيىن، مىللەت ۋە دىن نۇرى مەۋلانا ئەبدۇررەھمان جامىي ئۇنىڭ ھەقىقىي ئورۇنباسارى، تەرىقەت كۇرسىسىنىڭ ئىگىسى بولۇپ قالدى. مەۋلانا جانابلىرى، تەرىقەت ئەھلىنىڭ شاراپەتلىك نەفەسىنىڭ بەرىكەتلىرى بىلەن بۈگۈنكى كۈندە مەنىلەر تالەپكارلىرىنىڭ ئارزۇسى ۋە مەڭگۈلۈك سائادىتىنىڭ قارارگاھىدۇر. پۈتۈن ئەتراپتىكى ھۆكۈمدارلار مەۋلانانىڭ دۇئاسى ۋە ھىممىتىدىن نەپ ئېلىشماقتا. [بارچە] ئىقلىم ئالىملىرى ئۇنىڭ ئالىي مەجلىسىنى ئىزدەيدۇ. ئۇنىڭ شاراپەتلىك

دۇنيانى رۇم ئالىملىرى يىغىنلىرىدا بېزەك، يېقىملىق مۇنشائاتلىرى شام ئەھلىنىڭ نەفس سەنئىتىگە بېزەكتۇر. بىز شۇ كىتابىمىزنىڭ بېزىكى ئۈچۈن ئۇ ھەزرەتنىڭ يېقىملىق شېئىرلىرىدىن بىر پارچىنى كەلتۈرىمىز.

جامىينىڭ ئېيتقانلىرىدىن:

ئىشقىڭ تىكەنى سانجىلىپ سىينەمدە كۆپ ئازارلار،
ھەردەم تىكەنلەر ئاچىلىپ قىلدى يۈزۈم گۈلزارلار.
چەكتىم پىغانۇ كۆپ زۇلۇم، چاڭدەك ئىگىلدى بۇ تېنىم،
كەلدى ئېقىپ ئېتەككىچە ياشىم مىسالى تارلار.
قويغىن قەدەم بوستان ئارا، شەۋقىڭدە گۈل، گۈلزار ئارا،
قىلسۇن ئەلەمدىن چاك ياقا، قاندىن يۇيسۇن رۇخسارلار.
كەز باغدا سەرۋى ئارىلاپ، كۆرگىن سۇمەننى سەرىلەپ،
باقسۇن دىۋاردىن مارىلاپ، ئۆمرۈڭ يولىغا زارلار.
مەسجىد بارار زاھىد خاراب، ھاجى كۆرەر چۆلدە سەراپ،
بولسىدى بىر يۇتۇم شاراب، بىكار بولۇر بۇ كارلار.
ئالساڭ، ساتاي، جانىم پىدا، بىر بۇسەدۇر ئاڭا باھا،
دىۋانە بولدۇم مۇتلەقا، بەس ئەمدى بۇ بازارلار.
ھەر خەسكە يار بولدۇڭ سەنەم، بولدى جۇدا جاندىن تېنىم،
بىر بارە ئۆلگەيۈ ھەر ئادەم، شورلۇق جامىي كۆپ بارلار.

ئاخىر جاھاننى ئىشق سۇلتانى چاۋۇشىنىڭ⑫ دەبدەبىسى بىلەن لەرزىگە كەلتۈردى، دىمىغىنى ھەقىقەتلەر، مەرىپەتلەر گۈلزارى رەيھانىنىڭ پۇراقلىرى بىلەن مۇئەتتەر قىلدى. جان كۆزىنى رىشتىلەر ئالىمى نۇرى بىلەن مۇنەۋۋەر قىلدى. زەۋقىنى كۆيلىدى، باشقىنى كۆيلىمىدى. قەلىمى مەجازىي ھەرپلەرنى يېزىشتىن ھەقىقەت ئايەتلىرىگە تەفسىر يېزىش بىلەن جارى بولدى...

مەۋلانا ئالىملار، ئۇلۇغ ۋە پازىللارنىڭ شېئىر ۋە قەسىدىلىرىگە كۆپ ئاجايىپ [ۋە] مەرىپەتلىك جاۋاب ئېيتقان، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بۇ تەزكىرىدە كەلتۈرۈش مۇشكۇلدۇر...

ھازىرقى كۈندە مەۋلانا مەنالار دېڭىزىنىڭ غەۋۋاسى. ۋاقتى - ۋاقتى بىلەن، شاھۋار، گەۋھەر كەبى نەسرىي ۋە نەزمىي ئەسەرلەرنى ئەنە شۇ پايانى يوق دېڭىزدىن ۋۇجۇد ساھىلىغا ئېلىپ چىقىدۇ. ئەمما، ئەمىر خۇسرەۋنىڭ «بەھرۇل - ئەبرار»ىغا جاۋابەن مەۋلانا قەسىدىسى... كۆپ ياخشىدۇر...

مەۋلانانىڭ ھازىرقى ۋاقىتتا روھانىي كۈچتىن ئەمەلىيگە ئايلىنىپ، ئۇلۇغلار، ئالىملارغا مەھبۇب ۋە تەلەپكار بولۇپ قالغانلىرى ــــ ئۇلۇغ تەڭرى ۋەلىيلىرىنىڭ ھالەت ۋە دەرىجىلىرىنى بايان قىلغۇچى نەسرىي «نەفەھاتۇل ئۇنس» (دوستلۇقنىڭ خۇش ھىدلىرى)، شەيخ نىزامىيغا جاۋابەن پۈتۈلگەن «مەخزەنۇل - ئەسرار»(سىرلار خەزىنىسى) قاتارلىق بىرنەچچە نەزمىي كىتاب، مۇئەمما ۋە تەسەۋۋۇپقا ئائىت بىرمۇنچە ئەسەرلىرى ۋە باشقىلار بار. مەۋلانا ئەزەلىي ئىنايەت ۋە ئەبەدىي ھىدايەت بىلەن كىبلەچەكتىمۇ بۇ ھېكمەت، مەرىپەت دەرياسى دولقۇنلىرىدىن ۋۇجۇد ساھىلىغا دۇردانىلەر تۆككۈسىدۇر.

## نىزامىددىن ئەلىشىر نەۋائىي

ئۇنىڭ شارلپەتلىك نامى ئۇشبۇ كىتاب مۇقەددىمىسىگە زىنىنەت، بەلكى سائادەت دىۋانىغا ئاساسىي مەزمۇندۇر.

لاماكاندىن تاغ زۇھۇر بولغۇنچە ئۇ زاتى كامىل جاناب،
كۆپ زامانلار ئايلىنىپ، كەلگۇسىدۇر ئۇزگە زامان.

... ئاپتاپنى تەربىلەش ئەقىل خىرەلىكىدىن نىشانەدۇر. ساپ، تازا مۇشك ـ ئەنبەرنىڭ پەزىلىتىدە قىسسەنى سوزۇش جاھىللىقنىڭ ئالامىتىدۇر. بۇ ئۇلۇغ ئەمىرنىڭ قۇتلۇق زامانىدا، ئۇنىڭ مۇبارەك مەدھىيىسىنىڭ زىكرى جاھاننىڭ بىر قاتار مەملىكەتلىرىدە مەشھۇر، پەزىلىتىنىڭ دەبدەبىسى ۋە ئالىي ھىممىتىنىڭ كامالىتى پۈتۈن جاھانغا يېيىلغاندۇر. بۇ ھەقتە نىمە دېيىلسىلا ساۋاق ھاسىل بولغۇسىدۇر. لېكىن، بۇ كىتاب ئىمكانىغا قاراپ، ئۇ بۈيۈك ئەمىرنىڭ ئەھۋالى، پەزىلەتلىرى ھەمدە شارلپەتلىك مەرتىۋە ئورۇنلىرىدىن ئازراقلا كەلتۈرۈش لازىم تېپىلدى.

بۇ نامدار ۋە ئالىي دەرىجىلىك ئەمىرنىڭ ئۇلۇغ ئاتىسى زامانىسىنىڭ مەشھۇر كىشىلىرىدىن ۋە چاغاتاي ئۇلۇسى ئۇلۇغلىرىدىندۇر. سۇلتان ئەبۇلقاسىم بابىر باھادىر... ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە مەملىكەت ئىدارىسى ۋە دۆلەتكە كېپىللىك قىلىش ئۇنىڭ قولىدا بولۇپ، سۇلتاننىڭ يېقىن كىشىسى ئىدى. ئالىملىقى تۇپەيلىدىن [ئوغلىغا] پەزىلەت ئۆگىتىشنى تەرك ئەتمىدى. تامام ھىممىتىنى سائادەتلىك پەرزەنتىنى پەزىلەت بېزەكلىرى بىلەن زىنىنەتلەش ۋە ھىدايەت نۇرلىرى بىلەن روشەن قىلىشقا سەرپ قىلدى... ئۇ بۇزرۇكۋارنىڭ تىرىشچان ھەرىكىتى بىھۇدە كەتمىدى ۋە ئاتىدىن نادىرى دەۋران ئىززەت ۋە تەمكىنلىك كۆرسىسىدا قارار تاپتى. زىكىر قىلىنغان مەغپىرەتلىك پادىشاھ زامانىدا، ئۇنىڭ ھەشەمىتى ۋە كاتتا ھىممىتى بىلەن ھەممە ۋاقىت پەزىلەت ئارتتۇرۇشقا ئىنتىلدى. پەزىلەت ئىگىلىرى بىلەن سۆھبەتتە بولدى. ئۇنىڭ كەرەملىك تەبىئىتى ۋە ئۆتكۈر زېھنى شېئىر ئېيتىش، ئەسەر ۋە خەۋەرلەرنى ئۆگىنىشكە قارىتىلدى. ياشلىق چاغلىرىدا ئىككى تىل ئىگىسى، تۈركىي شېۋىدە ساھىبى پەن پارسىيدا ساھىبى پەزىلەت بولدى. مۇئەللىپ [ئۇشبۇ تەزكىرە مۇئەللىپى] ئۇلۇغ ئەمىر خۇسۇسىدا مۇلەممەھ تەرزىدە مۇنداق دېدى:

تۈركىيسىن كۆرۈپ قىلۇرلار ئېردى تەركۇ تەۋبە ھەم،
گەر تىرىك بولسالار ئېردى لۇتفىي بىرلەن كەردەرىي.
با ۋۇجۇدى فارسىي دەر جۇنبى شېئرى كاملەش،
چىست ئەشئارى زاھىرۇ كىست بارى ئەنۋەرى؟

سۇلتان [ئەبۇلقاسىم] بابىر سۆزمەنلىك ۋە ئىستېداتىنى پەرۋەرىش قىلغۇچى پادشاھ ئىدى. ھەمىشە ئۇلۇغ ئەمىرگە تەبىئىتىنىڭ مۇلايىملىقى، پاراستى ئۈچۈن ئاپىرىن ئوقۇيتتى. بەزەن ئۇلۇغ ئەمىر يازغان تۈركىي ۋە پارسىي شېئىرلارنى مۇتالىئە قىلاتتى ۋە تەبىئىتىنىڭ قۇدرىتى ۋە سۆزىنىڭ شېرىنلىقى-

غا ئەجەبلىنەتتى. ئۇنىڭ چەكسىز مەرھەمەتلىرىدىن بەھرە ئالاتتى ۋە ياخشى دۇئالار بىلەن [ئۇنىڭغا] مەدەت بېرەتتى...

بۇ كۈنلەردە بۇ ئۇلۇغ ئەمىر دىن ۋە دۆلەتنىڭ ھامىيسى، شەرىئەت ۋە مىللەتنىڭ پۇشتى پاناھىدۇر. زامان پادشاھى [سۇلتان ھۈسەين مىرزا] ئۇنىڭ پايدىلىق نەسىھەتلىرىدىن بەھرە ئالماقتا. مۇناسىپ دوستلىرى، [يۇقىرى] مەرتىۋىلىك ئەربابلار ئۇنىڭ يېقىملىق سۆھبىتىدىن مىننەتدار ھەم رازىدۇر. ھەممەتلىك مەجلىسلىرى ئالىملارنىڭ تىلىكى، ئالىي دەرگاھى پېقىرلارنىڭ مۇراجىئەتگاھى، داستىخىنى غېرىب مۇساپىرلار ئۈچۈن تۈرلۈك نازۇ نېمەتلەرگە تولغان، ئىشىكى موھتاجلارغا ھەر ۋاقىت ئوچۇقتۇر.

بۇ ئۇلۇغ ئەمىرنىڭ يېقىملىق تەبىئىتى ۋە مۇلايىم پەيلى سۇلتان جانابلىرىغا يېقىنلىق، مۇسۇلمانلارنىڭ مۇھىم ئىشلىرىغا كېپىللىك، شەرىئەت ۋە سۈننەت، مەملىكەت ۋە مىللەت ئىشلىرىنى روناق تاپقۇزۇش بىلەن بەند بولسىمۇ، ھەمىشە پەزىلەت ئارتتۇرۇش ۋە ئىلىم بىلەن مەشغۇل بولۇپ تۇرماقتا، ئۇنىڭ ھەممەجلىسلىرى ئىستېداتلىق، پەزىلەتلىك كىشىلەردۇر. ئۇنىڭ مۇبارەك كۆڭلى ئەھلى دىلدىن ئۆزگىنى ئىشتىمەيتتى. ئېغىر تەبىئەتلىكلەر ئۇنىڭ ھىممەت نەزىرىگە يەڭگىلتەك بولۇپ كۆرۈنۈشەتتى. نائەھلىلەر يىغىنلىرىغا بارمايتتى.

ئۇنىڭ تۈركىي ۋە پارسىي شېئىرلىرى يېقىملىق تەبىئىتىنىڭ خۇلاسىسى، دىلنى پارە ـ پارە قىلغۇچى مۇئەممالىرى نازۇك ـ ئىنچىكە پىكرىنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئۇنىڭ مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان بىلىم دەرياسى مەنزۇمۇ چاچمادۇرلىرىنى ھەر نەچچە كۈندە بىر قېتىم [قىرغاققا] چېچىپ تۇرۇپتۇ ۋە ئىلىم ئەھلى ئۇنى قولاقلىرىغا ئېسىپ، بەلكى ئاقىل كىشىلەر ئۇنىڭ بىلەن قولاقلىرىنى بېزەپ تۇرۇشۇپتۇ.

ئۇ ئەمىرنىڭ يېقىملىق تەبىئىتىدىن تا بۈگۈنگىچە بارلىققا كەلگەن تۈركىي ۋە فارسىي تىلدا يازغان [ئەسەرلىرى] دىن مەرىپەتلىك شەيخ نىزامىي [گەنجەۋىي]نىڭ «خەمسە»سىگە تۈركىي تىلدا يازغان جاۋابى بولۇپ، بۇ ياخشى پىكىرلىك ئەمىردىن ئاۋۋال بىرەر كىشى پەزىلەتنى بۇ قەدەر تىكلىيەلمىگەن. دەرھەقىقەت، ئاشۇ داستاندا ئۇ پاساھەتنى ھەقدادىغا يەتكۈزگەن. بىز [بۇ يەردە] «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانىدىن مىسال تەرىقىدە، ئىككى بېيىت كەلتۈرەيلىكى، باھارغا بېغىشلانغان بۇ ئىككى بېيىتتا يۈكسەك ئوخشىتىشلار، تېرەن ئويلار باردۇر... بېيىت:

مەرز ئۈزرە كىيەر سەدبەرگە جەۋشەن،
شەشپەر كۆتەرۇر باشىغە سەۋسەن.
لالە ۋەرەقىن بېرىپ سەباغە،
باغرى قارادەك ئۇچار ھەۋاغە.

ئۇنىڭ [يېقىملىق] تەبىئىتى، باشقا بېيىتلاردىكى سەنئەتلەر ۋە بەدىئىيلىك شۇ ئىككى بېيىتتىن مەلۇمدۇر. مىسرا:

ئەگەر خانەدە كىشى بولسا شەپەنىڭ ئۆزى كىفايە،

مەزكۇر تەزكىرىدە قوبۇل قىلىنغان تەرتىپ تەقەززاسى بويىچە پەزىلەتلىك كىشىلەرگە مەلۇم بولسۇن

ۋە كېيىن ئۇ ھەزرەتتىن يادىكار بولۇپ قالسۇن دېگەن نىيەتتە ئۇلۇغ ئەمىرنىڭ فارسىي ھەم تۈركىي شېئىرلىرىدىن بەزىلىرىنى ھېيقماستىنلا كەلتۈرىمىز. خاجە خۇسرەۋ دېھلەۋىينىڭ «بەھرۇل ـ ئەبرار»ىغا جاۋابەن ئۇلۇغ ئەمىر يازغان پاكىزە قەسىدەمۇ بار ۋە ئاشۇ قەسىدىدىن بىر قىسمى مەزكۇر تەزكىرىدە كەلتۈرۈلدى.

ئاتەشىن ياقۇت شاھلار تاجىنى ھەر ئان بېزەر،
باشتا بولسا خام خىيال چۇغى مەرامغا يەتكۈزەر.
شاھ ئۇلۇمدىن قورقسا ۋەيران بولۇر مۈلكى ئۇنىڭ،
ئاقىۋەتسىز بولسا شاھ، يۇرت مەملىكەت تاپقاي زەرەر.
زىبۇ زىننەت زەنجىرى پەست قىلغۇسى شاھ شەۋكەتىن،
شىر پەقەت ئورماندا شىر، زەنجىردە شىرلىك نېتەر.

گەرچە ئەمىر خۇسرەۋ پىشقەدەم ۋە پەزىلەت ئىگىسى بولسىمۇ، «بەھرۇل ـ ئەبرار»دىكى مەرىپەتلەر، ھەقىقەتلەر ھەم ئۇيلىرىنىڭ ئىپادىسى بىلەن تۈرلەرىنىڭ پىكرىنى تارتىشىدا كەمچىلىككە يول قويمىغان. بېيت:

بۇ ئۇنىڭ جاۋابىدۇر، خۇسرەۋ سۆزىدىن كەم ئەمەس،
بەلكى بۇ ئىككى سۇخەن بىرى بىرىدىن ياخشىراق.

ئۇلۇغ ئەمىرنىڭ تۈركىي دىۋانى سۇلتانلار، ئېسىلزادىلەر مەجلىسىنىڭ بېزىكىدۇر. نەۋاسى نەۋا ئاھاڭدا ئۇششاقى بىنەۋالارنى توغرا يولغا سېلىپ قويىدۇ. مۇخالىپلار ئۇنىڭ قەلىمىنىڭ غىچىرلاشلىرىدىن مەغلۇپ، خۇسرەۋانىي ئاھاڭى سۇلتان ھۇسەيىنگە مەھبۇبدۇر. نېمىدىگەن ياخشى، [ئۇنىڭ] داڭقى تۈركلەر مەملىكىتىدىن ھىجازغىچە⑬... داغدۇغىسى نىشاپۇردىن ئىسپاھانغىچە يەتتى. ئەجەم مەملىكىتى ئەھلى قۇلىقىغا بۇ سادادىن [سىرغا تاقاپ]، ئالەمنىڭ [ھەممە] بۇرجەكلىرى بۇ دەريا گەۋھىرى بىلەن تولۇپ تاشتى. تاڭ شامىلى ئۇنىڭ خەۋىرىنى ئىراققا يەتكۈزدى ۋە تۇبى دەرىخى⑭ بەرگلىرىنى بۇ نىھال شاخچىلىرىغا يېپىشتۇردى...

مەن ئۇلۇغ ئەمىرنىڭ شاراپەتلىك دىۋانىدىن بىر غەزەلنى تاللاپ ئالدىمكى، پېقىرلىق تەبىئىتىدە روھىي تەبىئىتىمگە مۇۋاپىق ئىدى. ئۇنىڭ دىۋانىدىن [يەنە] بىرمۇنچە مەسنۇئ غەزەللىرىنىمۇ تاپتىم. مەزكۇر غەزەل بۇ دەردمەن بىچارە جاراھىتىگە تۇز سەپتى، بەلكى بۇ مەجرۇھنىڭ بەزى جاراھەتلىرىنى زىيادە قىلدى. ئاشۇ غەزەل بۇدۇر:

يا رەب، ئۇل ئاي ھۇسنىن ئەل فەھمىگە نامەفھۇم قىل،
بۇيلە مەۋجۇد ئەتمەسەڭ، ئەۋۋەل مېنى مەئدۇم قىل.
بولسا ئىشقىمدە قۇسۇرىي كۆڭلىنى مەندىن ساۋۇت،
ئىشقىم ئەر پاك بولسا، تاشدەك كۆڭلىن ئانى مۇم قىل.
بارچە كۆزدىن ئۇيلەكىم، كۆزۇمنى مەھرۇم ئېيلەدىڭ،

بارچە كۆزنى ئول پەرىۋەش يۈزىدىن مەھرۇم قىل.
قىلسا زۇلۇم ئول زالىم ئەلنى قىلماغىل، يا رەب، زەبۇن؛
چۈن تەزەللۇمدۇر ئىشىم دائىم مېنى مەزلۇم قىل.
تا كۆزۈم قۇتلۇغ يۈزىدىن ئۆزگە سارى تۈشمەسۇن،
ھەرنە كۆز كۆرگەي مېنىڭ بەختىمگە ئانى شۇم قىل.
تا تىرىكمەن ئىشق ھەرفىدۇر ئىچىمدە، ئەي رەفىق،
ئۆلسەم ئانى - ئوق مەزارىم تاشىدە مەرقۇم قىل.
دېمەكى بارمۇ ئىكەن مېھرىم نەۋائىي كۆڭلىدە،
ئان دەمىي سەن بىر تەئەممۇل ئەيلەبان مەئلۇم قىل.

ياخشى پىكىرلىك ئۇلۇغ ئەمىرنىڭ پەزىلىتى ۋە كامالىتى ھەققىدە ئازغىنا سۆزلەپ ئۆتتۇق. ئەمدى ئۇنىڭ جارىي قىلغان سەدىقىلىرى ۋە خەيرى - ئېھسانلىرى ھەققىدە ساۋابلىق يۈزىسىدىن سۆز يۈرگۈزىمىز. گەپنىڭ قىسقىسى شۇكى، ئۇزاقنى كۆرىدىغان زېرەك ۋە دانا كىشىلەر دۇنيا ئىشلىرىغا ئىبرەت نەزىرى بىلەن قارىشىدۇ. بۇ دۇنيادا ئاخىرەت ئىشلىرىدىن غاپىل، بىپەرۋا بولۇشمايدۇ ۋە بۇنداق مۇلاھىزىدە جازا كۈنىنىڭ جاڭجاللىرىدىن غاپىل قېلىشمايدۇ. بۇ ئەندىشە ھەر نەرسىدىن خەۋەردار ئەمىرنىڭ ھىممەت ئېتىكىدىن تۇتتى. بار ھىممىتىنى ۋە ئەزىز ئىشتىياقىنى ئاخىرەت ئىشىغا سەرپ قىلدى. سالىھلار قائىدىسىنى ئىلگىرى سۈردى...

ئۇنىڭ ساۋابقا ئىشارەت قىلغۇچى پىكرى ئارتۇقچە مال - مۈلكىنى خەير - ئېھسان ھەمدە خەيرلىك ئىشلارغا سەرپ قىلىشنى تەقەززا قىلدى. مىراسخورلار ۋە چوتاچىلارنىڭ ئۇزۇن قوللىرىنى قىسقارتتى. سوڭرە... خالىس مۈلكىنى ۋە ھالال بايلىقىنى خۇدا يولىغا سەرپ قىلىپ، مەملىكەتتە مەدرىسىلەر، مەسچىتلەر، راباتلار، خەيرلىك جايلار ھەمدە دارۇشىپا قۇرۇشقا خەجلىدى. ئاشۇ جايلارغا بەلگىلەنگەن ۋەخپىلەرنى مۇئامىلىدە يۈرگەن [پۇل ھېسابىدا] تەخمىنەن 500 تۈمەن كېپەكىينى[15] تەشكىل قىلىدۇ... ئەگەر ئۇلۇغ ئەمىر قىلغان خەيرلىك ئىشلارنى بىرمۇبىر ھېسابلايدىغان بولساق، قىسسە سوزۇلۇپ كېتىدۇ. پەقەت پايتەخت ھىراتتا ۋە باشقا جايلاردا قۇرۇلغان مەشھۇر مەنزىللەردىن ئايرىملىرىنىلا كەلتۈرمەكچىمىز. ئاۋۋال ھىراتتىكى جامە مەسچىتى، مەدرىسە، خانىقاھ، دارۇشىپا، ھامامىغا ئوخشاش ئىمارەتلەردۇركى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر يەردە جەننەت سەلسەبىلى ۋە ئېرىقى قىزغانغۇسى كېلىدىغان ئىنجىل ئېرىقىنىڭ ياقىسىدىدۇر. پۈتۈن ئالەم مۇساپىرلىرى بۇنداق زىبا، نۇقسانسىز ئىمارەتلەرنى [باشقا يۇرتلاردا] كۆرسىتىپ بېرىشەلمەيدۇ. [ئۇنىڭ] يەنە بىر ئىمارىتى راباتى ئىشق بولۇپ، ئۇنىڭ زىكرى مەزكۇر تەزكىرىنىڭ بېشىدا ئۆتتى. يەنە بىر راباتى سەنگبەست بولۇپ، ئۇنىڭ زىكرىمۇ ئۆز ئورنىدا ئېيتىپ ئۆتۈلدى. شۇ كۈنلەردە باشقا بىرقانچە جايلاردا ئالىي ئىمارەتلەرنى بىنا قىلىشقا پەرمان بەرگەن. مەرپەتلىك سەييىد قاسىم ئەنۋەر جانابلىرىمۇ شەيخ فەرىدىددىن ئەتتار[16]... قەبرىسىگە قۇرۇلۇۋاتقان ئىمارەتلەر، نىشاپۇرغا قاراشلىق دىزاباتتىكى رابات ئەيازخاس راباتىدىن كېيىن ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. بەلكى ئۇنىڭدىن ئالىيراق ھەم مۇستەھكەمرەكتۇر. شۇلار جۈملىسىدىندۇر. [يەنە] تەڭبىرىنىڭ ئىنايىتى بىلەن بىرمۇنچە ۋاقىتتىن بېرى، ئۇ ۋەكىل سايلىغان كىشىلەرنىڭ تىرىشىشى ئارقىسىدا خۇراساننىڭ مەشھۇر بۇلاقلىرىدىن جاھان كۆڭلىنى ئاچقۇچى تۇس ۋىلايىتىنىڭ يۇقىرىسىدىكى چەشمەئى گىل سۈيى مۇقەد-

دەس مەشھەد شەھىرىگە كەلتۈرۈلدى. [بۇنىڭ بىلەن] مەشھەدنىڭ مۇقىم خەلقىنى سۇسىزلىق ئازابىدىن قۇتقۇزدى... بۇ شۇنداق ئېھسان بولدىكى، جاھان پادىشاھلىرىيۇ، ئاكابىرلىرى بۇنداق ئىشنى ھۆددە قىلىشتىن ئاجىزدۇر. بۇ ئېرىقنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن ئون ئىككى پەرسەخ بولۇپ، ھەممە جايلىرى تەكشى ئەمەس. [ئۇلۇغ ئەمىرنىڭ] بۇ خەير ـ ئېھسانى ھەممە شاراپەتلىك ئېھسانلىرىدىنمۇ ئېشىپ چۈشتى. بۇ ئېرىق تۈپەيلى، مۇقەددەس مەشھەد شەھىرى، خۇدا خالىسا بېھىشت قىزغانغۇدەك، چىن سۈرەتخانىسىنىڭ ئىچى تارلىقىنى كەلتۈرگۈدەك بولىدۇ. بۇ ئۇلۇغ ئەمىرنىڭ خەير ـ ئېھسانى بىلەن قۇرۇلغان ئىمارەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى تەرىپلەپ تۈگىتەلمەيمىز. چۈنكى [ئۇلار] ساناق ۋە ھېسابتىن ئارتۇقتۇر.

كەمىنە مۇئەللىپنىڭ ئۇشبۇ ئەمىر مەدھىيىسىدە ئېيتقان مۇلەممەئ قەسىدىسى باركى، ئۇنىڭ بەزىسى تۈركىيچە، بەزىبىرى بولسا فارسىيدۇر. چۈنكى، سۆز چېۋەرلىرىنىڭ زىكرى ئۇشبۇ تەزكىرىدە كەلتۈرۈلدىيۇ، بەندە ئۆزىنى پەزىلەتلىكلەر قاتارىغا قوشۇشقا قۇۋۋىتى كەلمىدى. [شۇنىڭ ئۈچۈن] بۇ ئۇلۇغ ئەمىر مەدھىيىسىگە قول ئۇردى. مانا بۇ بېيىتلەر ئاشۇ قەسىدىدىندۇر.

سۇبھى دەم ئاچتى يۈزىدىن پەردەئى نىلۇفەرى،
جىلۋە بەردى ھۆسنىگە زىبا ئەرۇسى خاۋەرى.
ئەز ئۇفۇق تاشۇد يەدى بەيزائى مۇسا ئاشكار،
بۇل ئەجەب قارانى شەبرا رەفت سىپھرى سامەرى.
بولدى زاھىر كۇفرۇ ئىمان كۇفرى زۇلمەت نۇرىدىن،
شاھى خاۋەردىن ھەزىمەت قىلدى خەيلى بەربەرى.
ئاتەشىن خۇر ئۇردى شەبرا سۇخت ئەز دەمھايى سۇبھ،
ئاسمان گۇئى ھەيئەت كەردە شەكلى مەجمەرى.
دەھر زۇلمەتدىن خەلاس ئولدى زۇلەيخا كۆزىدىن،
بەس، نەزەر لۇتف ئەيلەدى يۇسۇف تەمەننانىڭ سەرى.
دىۋى زۇلمەت شۇد گۇرىزان ئەز سۇلەيمانى سەھەر،
سۇبھ ئەز ياقۇتى خۇر بىنمۇد تا ئەڭگۇشتەرى
يۇسۇفى مەھ چېھرە مىسر چاھىدە بولدى ئەزىز،
ھەر نەزارەگاھدا ئاڭا ھەزاران مۇشتەرى.
ئەز تۇلۇئى شەممەئى خاۋەر جەھان پۇر نۇر شۇد،
ۋەز نەۋائىي زۇھرە دەر گۇش ئامەد ئىن دۇررى دەرى.
كى ئەي، جەمالىڭ قىبلەدەك، ساھىب نەزەرلەر مەنزەرى،
ئارەزىڭ بەرگى سۇمەندۇر، بەلكى گۇلبەرگى تەرى.
تا مەلائىك دىيد رويەت، سەجدەھايى شۇكر كەرد،
ئەكسى رۇخسارەت چۇ پەيدا، گەشت، پىنھان شۇد پەرى.

ئەي قاراقچى، كۆزلەرىڭ سەر فىتنەئى دەۋرى قەمەر،
كاكۇلۇ شەبگۇنى مۇشكىنىڭ بەلائى بەر سەرى.
چۇن كەمالەت مەنتىقى تۇتى نەدارەد ھالەتى،
با لەبەت شەككەر تەرى چى بۇد، چۇتۇ شىرىن تەرى
تىنەتىڭ، يا رەب، مەلائىكدىنمۇدۇركىن دۇنيادە،
بولمادى زاھىر سىنىڭدەك دەۋرى ئەييامدە پەرى.
لەمئەئى گەر دەر خىتا ئەفتەد زى نۇرى ئارەزەت،
بشكەنەد نەققاشى چىن ئان خامەئى سۇرەتگەرى.
مۇلكەتى ھۇسنۇ جەمال ئانداق مۇسەللەمدۇر سەڭا،
كىم، پەزىلەت بابىدە زاتىڭ جەھاننىڭ سەرۋەرى.
ئاسمانى مەئدەلەت، خۇرشىددىن، بەھرى شەرەف،
ئانكى خۇردە گوشمالەش گوشى چەرخى چەنبەرى.
مەزھەرى دەۋلەت ئەلىشىر، ئۇلكى شىئىرى ھەق ئېرۇر،
ھەر مەئارىكدە ئانىڭ فەتھۇ سەئادەت ياۋەرى.
ئان چۇنان كەز مەقدەمى سەييىد شۇدە يەسرىب ئەزىز،
گەشت دارۇلفەزلى ئالەم ئەز ۋۇجۇدى ئۇ ھەرى.
بەھرى ھىكمەتتۇر ئانىڭ زىيبا زەمىرى رەۋشەنى،
لۇئلۇيى مەنزۇمى ئول بەھرى شەرەفنىڭ گەۋھەرى.
ئەي بەيۇمنى ھىممەتەت ئاباد مۇلك ئەز ئەدلۇ داد،
ۋەي بەدەۋرى دەۋلەتەت گەشتە قەۋى دىن پەرۋەرى.
بۇ خەسايىل بىرلە ھاسىل قىلدىڭ ئول ئالىي مەقام،
كىم كۆيەر ئەنداق مەقامدە رۇھى ئەئزەمنىڭ پەرى.
قىلسەڭىز گەر بىر نەزارە ئەنۋەرىي دىۋانەنى،
شامىلى ھالىمدۇر، ئەي كامىل، بۇ سۆزنىڭ زاھىرى.
ئاسمان دەر كىشتىئى ئۇمرۇم... كۇنەد دائىم دۇ كار،
گاھى شادى ئابادانىي گاھى ئەندۇھ لەنگەرى.
بىر نەزەر بىرلە مېنى بەھرى مەزەللەتتىن چىقار،
نەۋئى دەئۋەت سەن مېنى تۇفاندا قىلغىل ياۋەرى.
تا بەرىن ئەيۋانى مىنا ھەلقەئى سىمى ھىلال،
مېكۇنەند گوشى فەلەكرا ھەر سەرى مەھ زىۋەرى.
بولسا ئەي، ھاكىم سەڭا مەھكۇم دەۋرانى فەلەك،
ماھى ئىقبالۇ جەلالىڭ كۇسفۇ نۇقساندىن نەرى.

## شەيخ ئەھمەد سۇھەيلى⑰

بۇ نامدار، ئالىي نەسەب [ئەمىر] چاغاتاي ئۇلۇسىدىن ئۇلۇغ بىر خانىدانغا مەنسۇپتۇر. ئۇنىڭ ئەزىز ئەجدادلىرى ساھىبقىران [ئەمىر تىمۇر] ھەزرەتلىرى زامانىدا يۈكسەك مەرتىۋە ئىگىسى ۋە ئەمىرۇلئۇمەرا، شاھرۇھ سۇلتان ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە بولسا سۇلتانلىقنىڭ كاتتا ئىشلىرى بېشىدا تۇرغان.

بۇ ئۇلۇغ، خۇش ئەخلاق ئەمىر ئالىي نەسەبلىك بولسىمۇ، پەزىلەت ۋە ئەدەپ ئۆگىنىش يولىدا تىرىشتى. ياخشى خۇلقى بىلەن زامانداشلىرىدىن پەرقلىق بولدى. ئۇزۇن تون كىيىپ [دائىما] ئىبادەت قىلغۇچىلار قاتارىدا تۇردى. ھەمىشە دەرۋىشلەرگە خىزمەتتە، ئالىملارغا ھۆرمەتتە كۆڭ كەچۈردى. تەڭرى بەندىلىرىنىڭ كىميا خاسىيەتلىك ھىممىتىنىڭ مەدىتى بىلەن بۈگۈن دىن، دۇنيا بايلىقىغا مۇشەررەپ، ئالەم سۇلتانى ھۇزۇرىدا ھۆرمەتلىك، بارچىنىڭ نەزەرىدە ئەزىز ۋە كەرەملىك بولدى...

ھازىرقى ۋاقىتتا بۇ ئۇلۇغ پەزىلەتلىك ئەمىر ئىككى دىۋان ئىگىسىدۇر. بىرى ئەجەم سۇلتانىغا ئاتاپ يېزىلغان تۈركىي دىۋان، ئىككىنچىسى ئۆز قولىدىكى شېئىرلار دىۋانى بولۇپ، ھەقىقەتلەر دېڭىزىنىڭ كېمىسى ۋە نازۇك ئىشارەتلىرىنىڭ خەزىنىسىدۇر.

پىقىر مۇئەللىپ بۇ پەزىلەتلىك ئەمىردىن شۇنداق ئىشىتكەنىدىم: «ياشلىق چېغىمدا مەرىپەتلىك شەيخ ئازەرىينىڭ... شاراپەتلىك مۇلازىمىتىگە باردىم ۋە ئۇ ھەزرەتنىڭ ھىممىتىگە باش ئۇردۇم. [ئاشۇ ۋاقىتتا] تەبىئىتىم شېئىر ئېيتىشقا قادىر ئىدى. لېكىن، مۇۋاپىق تەخەللۇس تاپالمىدىم. [شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ] شەيختىن مېنى بىرەر تەخەللۇس بىلەن شەرەپلىك قىلىشلىرىنى سورىدىم. شەيخ قولىدا بىر كىتابنى تۇتۇپ ئولتۇرغانىكەن. ئۇ: «كىتابنى [بىرەر جايدىن] ئاچايلى، ئېھتىمال مۇناسىپ سۆز چىقىپ قالار...» [كىتابنى] ئاچقان ھامان ئاۋۋالقى ۋارىقىدا ‹سۇھەيل› سۆزى چىقتى. ئۇنى ناھايىتى چىرايلىق دەپ قاراپ، ماڭا ‹سۇھەيلى› دەپ تەخەللۇس قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن مەنالار ئىشىكى ئېچىلدى ۋە مۇرۇۋۋەتلىك ئادەملەرنىڭ ھىممىتىدىن پەيز يېتىشتى».

شۇبھى يوقكى، مۇرۇۋۋەتلىك [كىشىلەر] ھىممىتى سۇھەيلىينىڭ چاقنىشىدىن كەم ئەمەس ئىدىكى، بەدەخشاننىڭ تېشىنى ياقۇت، يەمەندە كەئبەنى چەرم [دېگەن جاي] يوق قىلىدۇ. ئەگەر، پەزىلەت ئىگىلىرى سۇھەيلىي دىۋانىنىڭ جىلدلىرىنى يەمەن كەئبەسى (تېشى)دىن ياساپ، بۇ گۈزەل سۆزمەنگە بەدەخشان لەئللىرىنى چاچسىمۇ ئىنساپنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماس ئىدى. بولۇپمۇ، بۇ پەزىلەت ئىگىسىنىڭ مانا بۇ مەتلەئى ئاجايىپتۇر:

سايەمدىن ئۆزگە يار يوق كىمسەدىن يەتكەن كۆڭى غەم،
لېك قاراڭغۇ تۈنلەرىمغە قىلماغاي تاقەت ئۇ ھەم.

ئەمما، بۇ پەزىلەت ئىگىسىنىڭ فارسىي ۋە تۈركىي دىۋانىدىن ئىككى مەتلەئ كەلتۈرۈش بىلەن كۆپايىلىنىمىز.

تۈركىي مەتلەئ:

ئەي، مېنى جەۋرۇ جەفا بابىدا مۇئتاد ئەيلەگەن،
ئۆزگەلەر بىرلە ۋەفا قەسرىنى بۇنياد ئەيلەگەن.

فارسىي مەتلەئ:

نەباشەد خانەئى زەركارى شاھىي ھەۋەس مارا،
كى ئىن دىۋارى مېھنەتخانەئى ئەندۇھ بەس مارا.

تەرجىمىسى:

بىزگە شاھنىڭ تىللاكارى خانىسى ھەۋەس ئەمەس،
بۇ غەمۇ مېھنەت ئۆيىنىڭ ئەسكى تېمى بولسا بەس.

مۇئەللىپنىڭ گۇمانى شۇكى، بۇ نامدار (ئەمىر)نىڭ ھەر ئىككى تىلدىكى شېئىرلىرى يېقىملىق ۋە سەنئەتلىك يېزىلغان. ئاۋۋالقى مەتلەدە ئۆزگە خاس مەنالار باركى، ئىلگىرى ئۆتكەن ئۇستازلارنىڭ دىۋانلىرىنىمۇ كۆرۈپ، بۇنىڭدەك يېقىملىق شېئىرنى ئۇچراتمىدىم. سۆھەيلىينىڭ سىرلىرىنىڭ نۇرى ۋە شېئىرلىرىنىڭ شۆھرىتى سۆھەيل يۇلتۇزى كەبى بولۇپ، بەدەخشاندىن تاكى يەمەن مەملىكەتلىرىگىچە تارقالغاندۇر...

يەنە ئۇنىڭ تۈركىي دىۋانىدىن بۇ غەزەلنى قەيت قىلماي ئۆتمەكچىمىز.

تۈركىي غەزەل:

ئىشقدە مەن كاملىۇ فەرھادۇ مەجنۇن شۆھرەتى،
ئاللاھ، ئاللاھ، نې كىشىلەرگە بۇ ئىشنىڭ ھىممەتى.
ياقا يىرتماقتۇر، سىنىق كۆكسۇم، نىگار، ئۆلمەك نې تاڭ،
ئىشقنىڭ رەسۋاسى ئاخىر ئۇشبۇلاردۇر زىينەتى.
ئۆزمەسۇن دەپ رىشتەئى جانىم قولۇمنى باغلامىڭ،
كىم نەچە تار ئولسە نازۇك، يەتمەس ئانىڭ قۇۋۋەتى.
ئەيكى دەرسەن ئىشق رەنجىدىن فەلان بولماس خەلاس،
خاتىرىڭ جەم ئەتكى، يوقتۇر بۇ خەبەرنىڭ سىھھەتى.
ئەنكەبۇتىيدۇر نەھىفۇ زار كۆڭلۇمكىم ئېرۇر،
مەسكەنى كۆكسۇمدە ئەنكىرگەن تىكەن ھەيئەتى.
ئاشىق ئولغاچ دىنۇ دانىش كويىدىن تۈشتۇم يىراق،
ۋەھ، بۇ كافىرنىڭ مۇنىڭدەك ئەيش ئېرۇر خاسىيەتى.
سورسالار ئەھباب كۆڭلۇم ھالەتىن، ئايت، ئەي سەبا،
كىم بىر ئاشنايۇ يۈز ئەر بىرلە تۇتاشمىش سۆھبەتى.

ئەي، كۆڭۈل بەرگۈچى بولغانلار ئاڭا، ئول كوردەك
بىدىلىكىم، ئول قىلىبدۇر ئىشقى ئالەم ئىبرەتى.
دوستلار، كەلمەك سۆھبەتلىرىنىڭ مەزارى باشىغە،
كىم كۆڭۈل بۇزغۇنچىدۇر ئانىڭ بۇزۇلغان تۇربەتى.

ئىزاھاتلار:

① خاجە فەخرىددىن ئەۋھەدىي — 15 - ئەسىردە ياشىغان بۈيۈك ئالىم ۋە قەسىدىچى شائىر. ئۇنىڭ ھاياتىغا ئائىت مەلۇماتلار يوق ھېسابىتا. لېكىن، «مەجالىسۇن - نەفائىس»تا ئۇ ھەقتىكى ئايرىم سۆزلەرنى ئۇچرىتىش مۇمكىن. نەۋائىي بۇ ئالىم ۋە شائىر ھەققىدە مۇنۇلارنى يازغان: خاجە ئەۋھەد مۇستەۋفىينىڭ لەقىمى «كەدۇد»مۇ دېيىشىمۇ، ئۆز دەۋرىنىڭ يېگانىسى ئىدى. ئۇ كۆپلىگەن ئىلىم ۋە پەنلەرنى بىلەتتى... ئەمما، پەلەكيات (ئاسترونومىيە)دە شۆھرىتى بار ئىدى. بۇ پېقىر ئۇ بۇزرۇكۋارنىڭ سۆھبىتىگە باراتتىم، كۆپ ئىلتىپاتلىرى بار ئىدى. شېئىرىيەتتە ئۇ دىۋانىمۇ تۈزۈپتۇ، ياخشى قەسىدىلىرى بار. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭ:

بەردى زىننەت كۆز بىلەن جانغا جامالىڭنىڭ بېغى،
بولدى پەرز نەرگىسكە غورۇر كۆزلىرىدە باقمىغى.

② بەيھەقىي تارىخى — ئەبدۇلغەزل مۇھەممەد ئىبن ھۇسەين بەيھەقىينىڭ (11 - ئەسىر تارىخچىسى) «تارىخى ئالى سابۇكتېكىن» ناملىق ئەسىرى بار.

③جالىنۇس — قەدىمكى يۇنان ئالىمى گالېن (مىلادىيە 130 — 200 - يىللىرى).

④ ساھىب بەلخىي — شېئىرىيەتنىڭ غەزەل ۋە قەسىدە تۈرلىرىدە قەلەم تەۋرەتكەن. ئەلىشىر نەۋائىي «مەجالىسۇن - نەفائىس»تا مۇنداق دېگەن: مەۋلانا ساھىب بەلخىي شېئىرىيەت پېنىدە ماھارەتلىك كىشى بولۇپلا قالماي، نوتا ۋە مۇزىكا ئىلمىدىمۇ كامىل ئىدى. ئۆز غەزەللىرىنى ئۆزى ئىجاد قىلغان مۇقاملارغا سالغان بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ ئىقتىدارىنى ئىسپاتلايدۇ. شۇ جۈملىدىن چارگاھ مۇقامى مەشھۇردۇر... خاجە سەلمانىنىڭ گۈزەل قەسىدىسىگە جاۋاب ئېيتقان، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ كۆپ ئىستېداتى مەلۇم بولىدۇ. يەنە بىر قەسىدىسىنىڭ جاۋابىدا بۇ مەتلەئ ياخشى چىقىپتۇ:

ئەي قەددى قامىتىڭدىن بولدى روزى قىيامەت،
راست بولسا گەر قىيامەت، قەددىڭ ئۆزى قىيامەت.

⑤ ئىسكەندەر فەيلەقۇس — مەشھۇر جاھانگىر ئىسكەندەر زۇلقەرنەين — ماكېدونىيىلىك ئالېكساندىر (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 336 - يىلدىن 323 - يىللىرىغىچە)، فەيلەقۇس — ئىسكەندەرنىڭ ئاتىسى فىلىپ II نىڭ (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 359 - يىلدىن 336 - يىلىغىچە) شەرقچە ئاتىلىشى.

⑥ ئەبۇ سەئىد سۇلتان — تېمۇرىيلەردىن (مىلادىيە 1451 - يىلدىن 1469 - يىلىغىچە) ماۋەرائۇننەھر ۋە ئىراننىڭ ئالىي ھۆكۈمدارى.

⑦ ئەرۇزىي سەييىدلىرى — مەدىنە شەھىرى يېنىدىكى ئەرۇزىي ۋادىسىدىن چىققان سەييىدلەر.

⑧ ئاسەف — رىۋايەتلەردىكى سۇلايمان پەيغەمبەر ۋەزىرىنىڭ ئىسمى.

⑨ كەيۋان — زۇھەل (ساتۇرن) سەييارىسى؛ مەجازدا يۈكسەك ئاسمان.

⑩ خاجە بەھائۇددىن نەقشبەند — تەسەۋۋۇپتا نەقشبەندىيە تەرىقىتىنىڭ ئاساسچىسى (مىلادىيە 1388 - يىلى

ۋاپات بولغان).

⑪ سەئىددىن مۇھەممەد كاشغەرىي ــ نەقشبەندىيە تەرىقىتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن نامايەندىلىرىدىن (مىلادىيە 1456 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ۋاپات بولغان).

⑫ چاۋۇش ــ تۈركىيىدە سۇلتان ھوزۇرىغا كەلگۈچىلەر ئەرزىنى ئىشىتىپ، كېيىن ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشتۇرغۇچى مەنسەپدار؛ ھودەيچى.

⑬ ھىجاز ــ ئەرەبىستاندىكى مەككە ۋە مەدىنەنىڭ ئەتراپىدىكى يەرلەر.

⑭ تۇبى دەرىخى ــ رىۋايەتلەردىكى دەرەخ بولۇپ، يەتتىنچى قەۋەت ئاسماندا ئۆسەرمىش.

⑮ كېپەكىي ــ 14 ـ ئەسىر ۋە قىسمەن 15 ـ ئەسىردە مۇئامىلىدە بولغان پۇل بىرلىكى. چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ ئالىي ھۆكۈمدارى كېپەكخان (مىلادىيە 1318 ــ 1326) تەرىپىدىن چىقىرىلغان پۇل.

⑯ فەرىدىددىن ئەتتار ــ «ئىلاھىينامە»، «ئەسرارنامە»، «بۇلبۇلنامە»، «مەنتىقۇت ـ تەير»، «تەزكىرەتۇل ـ ئەۋلىيا» كەبى ئەسەرلىرى بىلەن مەشھۇر بولغان مۇتەسەۋۋۇپ شائىر (مىلادىيە 1229 ـ يىللار ئەتراپىدا ۋاپات بولغان).

⑰ شەيخ ئەھمەد سۇھەيلىي ــ ئەلىشر نەۋائىينىڭ زاماندىشى ۋە يېقىن دوستلىرىدىن بىرى. ئۇ سۇلتان ھۇسەيىن ھۆكۈمىتىدە يىگىرمە يىل مۆھۈردارلىق لاۋازىمىدا تۇرغان. ئۇ قەسىدە، غەزەل ھەم مەسنەۋى تۈرلىرىدە تۈركىي ۋە پارسىيدىن ئىبارەت ئىككى خىل تىلدا قەلەم تەۋرەتكەن ئىستىخداتلىق شائىردۇر. نەۋائىي «مەجالىسۇن ـ نەفائىس»تا ئۇنىڭ غەزەل ۋە مەسنەۋىلىرىدىن ئايرىم پارچىلىرىنى كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئىستىخداتىنى يۈكسەك باھالىغان. ھەقىقەتەنمۇ، سۇھەيلىينىڭ نەۋائىي تىلغا ئالغان مانا بۇ غەزىلى يۈكسەك بەدىئىي ماھارەت بىلەن يېزىلغان:

خەستەھال ئاشىقنى، دىل، ئۆلتۈرۈپ يەتكۈزمە غەم،
ئاتما جەفالار تاشىنى ئەسلا مەجرۇھ قۇشقا ھەم.

ياكى مانا بۇ مەتلەئىنى ئوقۇيلى:

ھەر زەماندا قامەتىڭ كۆكۈلگە نالە بەخش ئېتۇر،
قورقامەن، نەخلى بەلا بىر تەلبە مىۋە بەخش ئېتۇر.

نەۋائىي سۇھەيلىي ھەققىدىكى پىكرىنى مۇنداق تۈگىتىدۇ: «ئۇنىڭ ئەۋۋەلدىن ئاخىرغىچە پېقىر بىلەن ئىلتىپات ۋە بىرلىكى كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇنىڭدىن ئارتۇق تەرىپ قىلىنمىسا، ئۆزۈمنى تەرىپلىگەندەك بولۇپ قېلىشتىن قورقۇپ قىسقارتىلدى. ئاقىۋىتى خەيرلىك بولسۇن». سۇھەيلىي كۆپلىگەن ئالىم ۋە شائىرلارغا ھامىيلىق قىلغان. مەسىلەن، مەۋلانا ھۈسەيىن ۋائىز ئەل كاشىفىي «ئەنۋەرى سۇھەيلىي» ئاتالغان ئاجايىپ ئەسىرىنى ئۇنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن يازغان ۋە سۇھەيلىيگە بېغىشلىغان.

(نەشرگە تەييارلىغۇچى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى تىل فاكۇلتېتىدا)

# ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلار مەسىلىسى توغرىسىدا

مىرسۇلتان ئوسمانوف

## ئىلاۋە، «ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلار مەسىلىسى توغرىسىدا» ناملىق ماقالە ھەققىدىكى پىكرىم

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلار مەسىلىسى خەلقئارا تۈركولوگىيە ساھەسىدە خېلى بۇرۇنلا ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ كېلىنىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇيغۇر تىلشۇناسلىقى يەنى ئۆزىمىزنىڭ تىل تەتقىقاتىدا بۇ مەسىلە مەخسۇس مۇھاكىمە قىلىنمىغانىدى. مىرسۇلتان ئەپەندىنىڭ مەزكۇر ماقالىسى بۇ مەسىلە ئۈستىدە تۈنجى بولۇپ، مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئەتراپلىق، چوڭقۇر تەھلىل ۋە مۇھاكىمە ئارقىلىق تىل تەتقىقاتى ساھەمىزدە ئۆزىمىزگە خاس بىر مۇستەقىل كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان ھەمدە ئۇنى ئەمەلىي پاكىتلار (تىل پاكىتلىرى) بىلەن ئىسپاتلاپ كۆرسىتىپ، ئىلمىي خۇلاسە دەرىجىسىگە كۆتۈرگەن. بۇنى ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى ساھەسىدە (بولۇپمۇ ئۆزىمىزنىڭ تەتقىقاتىدا) بىرىنچى قېتىم بولىۋاتقان ئىش دەپ ھېسابلاشقا، ماقالىنىڭ ئىلمىي قىممىتىگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىشكە ئەرزىيدۇ، دەپ قارايمەن.

ماقالىنىڭ ئىلمىي ۋە رېئال قىممىتى تۆۋەندىكى جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ:

1. ماقالىدا ھېسسىياتقا بېرىلمەي، ئەمەلىي تىل پاكىتلىرى ئوبيېكتىپ تەھلىل قىلىنىپ، ئۇنىڭدىن ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئىلمىي خۇلاسە چىقىرىلغان. مۇشۇنداق بىر ئىلمىي ئۇسۇل ماقالىنىڭ ھەممە بۆلەكلىرىدە، پۈتۈن ماقالىدا دېگۈدەك يېتەكچى ئورۇندا تۇرغان. بىرەر ئورۇندىمۇ تىل پاكىتىنى ئاساس قىلماستىن، تەسەۋۋۇرغا تايىنىپ، ئابستراكت پىكىر قىلىدىغان ئەھۋال كۆرۈلمىگەن.

2. ماقالىنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇن دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ. 8 - ئەسىر (ئورقۇن ئابىدىلىرى)دىن تارتىپ تا 13- ئەسىرنىڭ ئاخىرى («قۇرئان»نىڭ تۈركىي تىلىدىكى تەفسىرى)غىچە بولغان ھەر خىل يېزىقتىكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك مۇراجىئەت قىلىنغان ۋە ئۇنىڭدىن ئۆز كۆز قاراشلىرىنى ئىسپاتلاشقا تېگىشلىك مىساللارنى يېتەرلىك ئالغان، شۇنداقلا مەنبەسىنىمۇ ئېنىق كۆرسەتكەن. مۇنچىلىك كۆپ تىل پاكىتلىرى چەتئەل تۈركولوگلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە تارقاق كۆرسىتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىمىزنىڭ تىل تەتقىقاتى ساھەسىدە مۇنچىلىك مول، مۇنچىلىق ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ باقمىغان. بۇنىمۇ تىل تەتقىقاتىمىزدىكى بىر يېڭىلىق ھېسابلاشقا بولىدۇ.

3. ماقالىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» تەتقىقاتىدىكى ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلىرى (ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش مەسىلىسى) توغرىسىدىكى پىكىرلىرى يېڭى ئىزدىنىش بولۇپ، بۇ پىكىرلەر «دىۋان» تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى بۇنىڭدىن كېيىنكى تىل تەتقىقاتىدا ئويلىنىپ بېقىشقا يېتەكلەش رولىنىمۇ ئوينىشى مۇمكىن.

4. نەزەرىيە جەھەتتىن، ماقالىدا، «ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ پەيدا بولۇشى» مەسىلىسى توغرىسىدا قىلىنغان مۇھاكىمىلەرگە (ئا. م. شېرباكنىڭ ئۈچ تۈرلۈك سەۋەبىگە) بېرىلگەن جاۋاب ئورۇنلۇق بولۇپ،

ئەمەلىي پاكىتمۇ شۇنداق. بۇ مەسىلە، بىز ئۈزىمىزنىڭلا ئەمەس، بەلكى خەلقئارادىكى مۇشۇنداق پىكىرلەرگە نىسبەتەن ئالاھىدە رولغا ئىگە. ئېيىشقا دېگەندە، ئا. م. شېرباكنىڭ ئەسىرى پەقەتلا ئۇيغۇر تىلى ئۈستىدە يېزىلغان، ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنكاس قىلىشى مۇۋاپىق ۋە زۆرۈر.

ماقالىنىڭ باشقا تەرەپلىرى ئۈستىدە توختالمىدىم.

ئومۇمەن، بۇ ماقالە ئۇيغۇر تىلشۇناسلىقى ساھەسىدىكى بىر يېڭىلىق، يېڭى ئىزدىنىش سۈپىتىدە ئېلان قىلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

— ئابدۇشۈكۈر تۇردى (تەتقىقاتچى)

2009- يىلى 8- ئاينىڭ 4- كۈنى

تۈركىي تىللار ئۈستىدە جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان ۋە ئېلىپ بېرىۋاتقان بىر قىسىم تۈركولوگلار ئۇيغۇرلار تارىختا قوللانغان بىر قانچە خىل يېزىقتا يېزىلغان يادىكارلىقلاردىكى بەزى ئىملا ۋە فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلەرگە قاراپ ئۇيغۇر تىلىدىمۇ بىر قىسىم تۈركىي تىللاردا بولغىنىدەك ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ بولغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كېلىۋاتىدۇ.

بىر قىسىم تۈركولوگلار بولسا، تۈركىي تىللاردىكى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردە قوللىنىشتىن قالغانلىقى (ئوتتۇرا ئەسىردىن بۇرۇن مۇنداق ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ بولغانلىقىنى مۇقەررەرلەشتۈرگەن ئاساستا ــ ئاپتور)نى ئوتتۇرىغا قويۇشقان[1].

بۇ يەردە مەسىلە ئوتتۇرا ئەسىردىن بۇرۇن ئۇيغۇر تىلى يازما يادىكارلىقلىرىدا ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ بولغان - بولمىغانلىقى، ئۇنىڭ فونېمىلىق رولىنىڭ بار ــ يوقلۇقى، ياكى بەزى تەتقىقاتچىلارنىڭ كۆزىتىشىچە ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ بۇ يادىكارلىقلاردا ئايرىم بىر بەلگىلەر بىلەن يېزىلىشى پەقەت بىر ئىملا ئادىتى ئىكەنلىكى... قاتارلىق بىر تۈتاش مەسىلىلەرنى بۇ توغرىدا كىشىنى قايىل قىلارلىق ئاساسلار ئوتتۇرىغا قويۇلمىغىنى ئۈچۈن ھازىرمۇ تۈركىي تىللار تەتقىقاتى، جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلى ساھەسىدە تامامەن ھەل بولۇپ كەتتى دېگىلى بولمايدۇ. قارىغاندا بۇ تېما يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك بولسا كېرەك.

بىر قىسىم تۈركولوگلار تەرىپىدىن ئوتتۇرا ئەسىر يازما يادىكارلىقلىرىمىزدا قوللىنىلغان دەپ ھۆكۈم قىلىنىۋاتقان ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلار ياكى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش فونېمىلىرى زادى ئوتتۇرا ئەسىرگە تەۋە يازما يادىكارلىقلىرىمىزدا قوللىنىلغانمۇ - يوق؟ شۇنىڭدەك ئوتتۇرا ئەسىردىن كېيىنكى ئۇيغۇر تىلىدا، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا، ئۇنىڭ دىئالېكت ۋە

---

[1] ج . كلاۋسون «تۈركىي رونىك يېزىقىنىڭ كېلىپ چىقىشى» («تۈركىي تىللار تەتقىقاتى خەۋەرلىرى» خەنزۇچە، 1992- يىلى 3-4 سان)

شېۋىلىرىدە داۋاملىق قوللىنىلىۋاتامدۇ - يوق؟ بۇ مەسىلىلەر ئۇيغۇر تىلى تىلشۇناسلىقىدا ئەگىپ ئۆتۈپ كېتىشكە بولمايدىغان مەسىلىلەر بولۇپ قالدى.

ئالايلى، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تۈركولوگلىرىدىن ئا. م. شېرباك مۇشۇ ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئوتتۇرا ئەسىرگە تەۋە ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدا قوللىنىلغانلىقى توغرىسىدا هۆكۈم قىلغۇچىلارنىڭ بىر ۋەكىلى.

ئا. م. شېرباكنىڭ «شىنجاڭدىن تېپىلغان 10 — 13- ئەسىرلەرگە ئائىت يازما يادىكارلىقلارنىڭ گراماتىكىلىق ئۆچېرىكى» دېگەن ئەسىرىدە ئوتتۇرىغا قويۇلۇۋاتقان ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلار مەسىلىسى بىۋاسىتە ئۇيغۇر تىلىغا قارىتىلغان. شۇڭا، ماقالىمىزدا ئۇيغۇر تىلىدا زادى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ بولغان - بولمىغانلىقى، ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ فونېمىلىق رولىنىڭ بار - يوقلۇقى توغرىسىدا تەھلىل يۈرگۈزىمىز.

ئا. م. شېرباك ئۆزىنىڭ يۇقىرىقى ئەسىرىدە ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلار ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «شەرقىي تۈركىي تىلدا ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ بارلىقى هېچبىر گۇمان تۇغدۇرمايدۇ. چۈنكى، ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلار ئالاهىدە هەرپلىك بەلگىلەر بىلەن ئىپادىلەنگەن. مۇنداق ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلار ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ ئۆزلۈكىدىن چۈشۈپ قېلىشى ۋە ئارقىمۇ ئارقا كەلگەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ بىر - بىرىگە يېپىشىپ كېتىشى بىلەن پەيدا بولغان، ياكى ئومۇمەن تۈركىي تىللارغا خاس ئۇزۇنلۇق ساقلىنىپ قالغان. ئەمما مۇنداق سوزۇلمىلىقنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا بىر نېمە دېيىش قىيىن»[1]

ئا. م. شېرباك «ئومۇمىي تۈركىي تىللارغا خاس بولغان سوزۇلمىلىقتىن قېلىپ قالغان ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلار پەقەت سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىلا كېلىدۇ» دەپ كۆرسىتىدۇ ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن ئوتتۇرا ئەسىرگە تەئەللۇق ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن «تۈركىي تىللار دىۋانى» (تۆۋەندە «دىۋان» دەپ ئېلىنىدۇ ۋە مىساللار «دىۋان»نىڭ ئۇيغۇرچە بىرىنچى قېتىملىق نەشرى بويىچە بېرىلىدۇ) دىكى ئىككى ئەلىف — «اا» بىلەن ئىپادىلەنگەن سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان سۆزلەرنى (قاراڭ: «دىۋان» I توم 107— 112- بەتلەر) ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان ئەسەرلەردە بەزەن ئىككى سوزۇق تاۋۇش بىلەن يېزىلغان «ئوق، ئوت، يۇز (ئەزا)، يەل» سۆزلىرىنى مىسال كەلتۈرىدۇ[2].

ئا. م. شېرباك يۇقىرىدىكى «ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ بارلىقى گۇمان تۇغدۇرمايدۇ» دېگەن پىكرىگە قارشى هالدا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «شۇنداقتىمۇ شەرقىي تۈركىي تىلدا سوزۇق تاۋۇشلارنى كەسكىن ۋە مۇنتىزىم هالدا ئۇزۇن هەم قىسقا دەپ بۆلۈنىدۇ، دېيىشكە بولمايدۇ. كۆپلىگەن سۆزلەردە ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش كېلىشكە تېگىشلىك ئورۇنلاردا دائىم دېگۈدەك قىسقا سوزۇق تاۋۇش بەلگىلىرى كەلگەن، ئېهتىمال بۇ دەۋرلەرگە كەلگەندە (10 — 13- ئەسىرلەر)

---

① ئا. م. شېرباك: يۇقىرىقى ئەسەر 34- بەت. 1961. مۇسكۋا - لېنىنگراد — بۇ نەقىلنىڭ ئەسلى روسچە تېكىستى ماقالىمىزدا ئېلىنغان مىساللارنىڭ يېزىق سىستېمىسى كۆپ بولۇپ كەتكەنلىكتىن بېرىلمىدى.

② ئا. م. شېرباك: يۇقىرىقى ئەسەر. 34- بەت.

بەزى شېۋىلەردىكى ئۈزۈن ۋە قىسقا سوزۇق تاۋۇشلارنى قارىمۇ - قارشى قويىدىغان ئەھۋال مەنە پەرقلەندۈرۈش خۇسۇسىيىتىنى يوقىتىپ، پەقەت ئەنئەنىۋى ئىپادىسىنىلا ساقلاپ قالغان بولۇشى مۇمكىن»[1]

قارىغاندا، ئا. م. شېرباك بۇ دەۋر تىلىدا ئۈزۈن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ فونېمىلىق رولىدا كېلىش ئېھتىماللىقىنىڭ يوقلۇقىغا تەرەپدار. لېكىن ئۇ يەنىلا: «بۇ دەۋر تىلىدا سەككىز قىسقا ۋە سەككىز ئۈزۈن سوزۇق تاۋۇشنىڭ بولغانلىقىنى مۇقىملاشتۇرۇشقا بولىدۇ» دەيدۇ[2].

بىزنىڭ قارىشىمىزچە، ئا. م. شېرباكنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا ئائىت ئۈزۈن سوزۇق تاۋۇشلار توغرىسىدىكى بايانلىرىدا تۆۋەندىكى ئېنىقسىزلىقلار بار.

بىرىنچى: بوۋا تۈركىي تىلغا خاس ئۈزۈن سوزۇق تاۋۇشلار مەسىلىسى. ئا. م. شېرباك: «بوۋا تۈركىي تىلغا خاس ئۈزۈن سوزۇق تاۋۇشلار (ئومۇمەن تۈركىي تىللارغا خاس بولغان ئۈزۈن سوزۇق تاۋۇشلار دېمەكچى) ئوغۇزخان رىۋايىتىنىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسىدا دىققەتنى جەلپ قىلغۇدەك ئەكس ئەتكەن. ئۇنىڭدا <قار> سۆزى <*qaɣar*> شەكلىدە بېرىلگەن» دەيدۇ[3].

ھەقىقەتەن «ئوغۇزنامە» 243- قۇردا «قار» سۆزى «*qaɣar*»، 246- قۇردا «قارلۇق — قەبىلە نامى» سۆزى «*qaɣaqluq*»، 273- قۇردا «قاتىر — قېچىر» سۆزى «*qaɣatir*»، 249- قۇردا «تام — تام» سۆزى «*taɣam*» شەكلىدە كەلگەن.

ئا. م. شېرباك بوۋا تۈركىي تىلدا ئۈزۈن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ بولغانلىقىغا ئىسپات تەرىقىسىدە «ئوغۇزنامە»دىن تىلغا ئالغان بۇ مىساللاردىكى فونېتىكىلىق ھادىسىلەر (يەنى كېيىنكى دەۋرلەردە سۆز ئوتتۇرىسىدىكى «ɣ — غ» تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى) ئۈزۈن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەبچى بولغان دېيىلسە، مۇنداق فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش پەقەت ئۈزۈن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى بىرىنچى باسقۇچ بولىدۇ؛ بۇ باسقۇچ تاماملانغاندىن كېيىن سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇمىنىڭ ئاخىرىدا ئوچۇق ھالەتتىكى سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئىككىنچى بوغۇمىنىڭ بېشى بولۇپ قالغان سوزۇق تاۋۇشنىڭ بىر - بىرىگە كىرىشىپ ئۈزۈن سوزۇق تاۋۇشلارنى ھاسىل قىلىشى ئىككىنچى باسقۇچ بولىدۇ. مۇنداق بىرىنچى ۋە ئىككىنچى باسقۇچلۇق فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا قاچان، قايسى دەۋرلەردە پەيدا بولغان ۋە ئاياغلاشقانلىقى توغرىسىدا ئا. م. شېرباك ھېچقانداق بىر پىكىر بايان قىلغان ئەمەس.

ئا. م. شېرباك «ئوغۇزنامە»دىن بوۋا تۈركىي تىلدىكى ئۈزۈن سوزۇق تاۋۇشلار ئۈچۈن كەلتۈرۈۋاتقان بۇ مىساللار ئۈستىدە فىن تۈركولوگى م. رەسەنىن مۇنداق دەيدۇ: «ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىمكى...» <ئوغۇزنامە>دە سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ سوزۇلمىلىقى ئىككى سوزۇق تاۋۇشنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر «ɣ»نى قىستۇرۇش ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن... مۇنداق

[1] ئا. م. شېرباك: يۇقىرىقى ئەسەر 34-، 35- بەتلەر.
[2] ئا. م. شېرباك: يۇقىرىقى ئەسەر، 35- بەت.
[3] ئا. م. شېرباك: يۇقىرىقى ئەسەر، 34- بەت.

ئىپادىلەش ئېھتىمال سۆزلەرنى خاتا ئېتىمولوگىيەلەشتۇرۇش ئاساسىدا كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن»[1].

بۇ يەردە يەنە شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتەيلى، بوۋا تۈركىي تىلدا ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ بارلىقىغا مىسال ئۈچۈن كەلتۈرۈلىۋاتقان سۆزلەرنىڭ ئورقۇن مەڭگۈ تاشلىرىدا «qaɣar» ئەمەس، «qar»، «qaɣarluq» ئەمەس، «qarluq» شەكلىدە يېزىلغانلىقى ھەممىگە مەلۇم، ۋەھالەنكى «ئوغۇزنامە»نىڭ بۇ نۇسخىسى دەۋر ئېتىبارى بىلەن ئورقۇن مەڭگۈ تاشلىرى دەۋرىدىن خېلىلا كېيىندۇر.

ئىككىنچى، ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدا ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ فونېمىلىق رول ئوينىغانلىقى - ئوينىمىغانلىقى توغرىسىدىكى قاراشلىرى مۇجمەل.

ئوتتۇرا ئەسىرگە تەۋە بىر قىسىم ئۇيغۇر تىلى يازما يادىكارلىقلىرىدىن ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلار ئۈچۈن تۈركولوگلار دائىم دېگۈدەك مىسالغا ئېلىپ كېلىۋاتقان oot — ئوت (*Ui* I $9_{11}$)، *qïïn* — قىيىن (TTⅦ 11)، *jüüz* — 100 (*suv* $658_{11}$)، *jiil* — يەل (*suv* $435_1$)، قاتارلىق سۆزلەردىكى «*üü*، *ii*، *oo*» لەرنى يۇقىرىقى بىرىنچى باسقۇچنى بېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن ھاسىل بولۇپ قالغان ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدا ئىزچىل ھالدا قوللىنىلغان ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلار دېيىشكە ھېچقانداق ئاساسىمىز يوق.

بۇ مىساللار «قوچۇ ئۇيغۇر يېزىق يادىكارلىقلىرىنىڭ تىلى ئۈستىدە تەتقىقات» دېگەن ئەسەردىمۇ ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلار ئۈچۈن ئېلىنغان. لېكىن، ئەسەرنىڭ يازغۇچىلىرى قويۇلۇۋاتقان مەسىلىگە ئىزاھ بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ مەسىلىلەرگە نىسبەتەن مۇقىملاشتۇرۇش توغرىسىدىكى ئېنىق بىر پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇش بەك تەس... قوچۇ ئۇيغۇر يېزىق يادىكارلىقلىرىنىڭ تىلىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنى كەسكىن ۋە سىستېمىلىق ھالدا ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش ۋە قىسقا سوزۇق تاۋۇش، دەپ پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن ئەڭ بولمىغاندا ھازىرچە تېخى يېتەرلىك ئاساسلار يوق»[2]

ئەمدى بىز بۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە كەڭرەك تەھلىل يۈرگۈزۈپ كۆرەيلى، ئالدى بىلەن ئورقون يېزىق يادىكارلىقلىرىغا كېلەيلى.

ئورقۇن مەڭگۈ تاشلىرىدا ئىپادىلەنگەن يېزىق يادىكارلىقلىرى باشقا تۈركىي تىللار قاتارىدا ئۇيغۇر تىلىغىمۇ تەۋەدۇر. ئورقۇن يېزىق يادىكارلىقلىرىدا ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ بارلىقى (يېزىقتا ئىپادىلەنگەنلىك ياكى ئىپادىلەنمىگەنلىك شەرتلىرى ئاساسىدا) كىشىنى قايىل قىلارلىق ئاساسلار يوق. مەسىلەن، «كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى»نىڭ بىرىنچى قۇرىدا «بۇ ۋاقىتتا» دېگەن بىرىكمە ئالتە ھەرپ بىلەن پۈتۈلگەن: «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى»نىڭ شەرق تەرەپ ئىككىنچى قۇرىدا «*bu ədkə* — بۇ ۋاقىتتا» بەش ھەرپ بىلەن *bədkə* — بۇ ۋاقىتتا»

---

[1] م. رەسەنىن: «تۈركىي تىللارنىڭ تارىخىي فونېتىكىسىغا دائىر ماتېرىياللار» رۇسچە تەرجىمىسى، 1955. مۇسكۋا.

[2] لى جىڭۋېي، جىن شاڭيى، يەن شۈېلىڭ «قوچۇ ئۇيغۇر يېزىق يادىكارلىقلىرىنىڭ تىلى ئۈستىدە تەتقىقات»، خەنزۇچە، 112- بەت. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى. 2003- يىلى.

پۈتۈلگەن. كېيىنكى مەگگۇ تاشتا بىرىنچى سۆزنىڭ ئايىغىدىكى «u» ئىككىنچى سۆزنىڭ بېشىدىكى «o» تاۋۇشى ياندىش كەلگەنلىكتىن، فونېتىكىلىق قائىدە بويىچە ئالدىنقى «u» تاۋۇشى بىلەن كېيىنكى «o» تاۋۇشى بىرىكىپ كەتسىمۇ، ھېچقانداق ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش ھاسىل بولمىغان. شۇڭا، يېزىقتا پەقەت بىرلا «o~ü—p» بىلەن ئىپادىلەنگەن.

بۇنىڭدىن باشقا، مۇشۇ مەسىلىگە مۇناسىۋەتلىك ھالدا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان ئەسەرلەردىن شىڭقوشەلى تۇتۇڭ تەرجىمىسى ئاساسىدا جېۋەل قايا تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان «ئالتۇن يارۇق»نىڭ ترانسكرىپسىيەلىك تېكىستى ۋە ئىندېكىسى (1994- يىلى ئەنقەرە) ۋە ۋ. باڭ تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان «سەككىز يۈكمەك سۇترا»نىڭ ترانسكرىپسىيەلىك تېكىستى، تەرجىمىسى ۋە ئىندېكىسى (1934- يىلى، بېرلىن) قاتارلىق ئىككى ئەسەرنى كۆزدىن كەچۈرگىنىمىزدە ئىنتايىن ئاز بىر قىسىم سۆزلەردىلا o، ɵ، u، ü، i ~ ī سوزۇق تاۋۇشلىرى oo، ɵɵ، uu، üü، ii ~ īi شەكلىدە ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش بەلگىلىرى بىلەن ئىپادىلەنگەن. لېكىن، بۇلارنىڭ مۇشۇ ئەسەرلەردە كۆرۈلۈش قېتىم سانى ئىنتايىن ئاز بولغان. مەسىلەن، «ئالتۇن يارۇق»نى ئالساق، ɵɵç. (بىر جايدا)، ئىنتىقام (بىر جايدا). juul — ئۈچ، boo — بۇ (بىر جايدا)، süü — قوشۇن، چېرىك (7 جايدا)، süülə — بۇلاق (بىر جايدا)، tuuš — تۇش، ئۇدۇل (بىر جايدا)، jüüz — يۈز — 100 (10 جايدا)، üün — ئۈن، تاۋۇش (بىر جايدا)، jiil — يەل (20 جايدا) jiillig — يەللىك، شاماللىق (بىر جايدا) ئۇچرايدۇ. ۋەھالەنكى، مۇتلەق كۆپچىلىك ئورۇنلاردا يۇقىرىقى سۆزلەردىكى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلار ئورنىغا قىسقا سوزۇق بەلگىلىرى — o، ɵ، u، ü، i/ī قوللىنىلغان.

«سەككىز يۈكمەك سۇترا»نى ئالساق، ئۇنىڭدا «ootun — پەسكەش» سۆزى «otun» شەكلىدىمۇ، «qīin — قىيىن» سۆزى «qīn» شەكلىدىمۇ كۆرسىتىلگەن. نەشرگە تەييارلىغۇچى ھەر ئىككى شەخس بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئىندېكىسىدا ئاز ساندىكى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش بەلگىلىرى بىلەن يېزىلغان سۆزلەرنى قىسقا سوزۇق تاۋۇش بىلەن يېزىلغان شەكلىگە سىلىشتۇرۇشنى ئەسكەرتكەن.

يەنە ل. يۇ. تۇگۇشېۋا تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى 5 - بۆلۈم - رۇسچە»[1] نى كۆزدىن كەچۈرگىنىمىزدە، بىر قىسىم خەنزۇچىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەردە لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش «uu» شەكلىدە ئىپلىنغانلىقىدىن باشقا، buu — ئالاقە، باغلىنىش، küü — نام، ئاتاق، süü — ھەربىي قوشۇن، tuuɣ — تۇغ، tüü — تۈك؛ ھەممە، jooɣ — ئېگىز، يۇقىرى، juul — بۇلاق قاتارلىق بىر قانچە سۆزدىلا لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش بەلگىلىرى بىلەن ئىپادىلەنگەنلىكىنى كۆرىمىز. تۈركولوگلار تەرىپىدىن كۆپىنچە مىسالغا ئېلىنىپ كېلىۋاتقان «يەل — شامال» سۆزى ئالتە يەردە «jil»، تۆت يەردە «jiil» شەكلىدە ئېلىنغان. «يۈز — 100» سۆزى نەچچە ئون جايدا «jüz» شەكلىدە

---

[1] ل. يۇ. تۇگۇشېۋا: «ئۇيغۇرچە شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمە ھالى»، موسكۋا، 1991.

پەقەت ئىككى جايدا «*jüüz*» شەكلىدە ئىپلىنغان.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان (ياكى كۆچۈرۈلگەن) باشقا ئەسەرلەردىمۇ، شۇ قاتاردا مۇناسىۋەتلىك لۇغەتلەردىمۇ بۇ ئەھۋال ئوخشىمىغان دەرىجىدە مەۋجۇت.

شۇ نەرسە گۇمان توغدۇرىدۇكى، ئۇ دەۋر ئۇيغۇر تىلىدا ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلار ياكى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش فونېمىلىرى مەۋجۇت بولغان بولسا، ئۇنى ئىملادا مۇشۇنداق سوزۇق تاۋۇشنى تەكرار يېزىش بىلەن ئىپادىلەش ئادىتى بولغان بولسا، ئۇيغۇر تىلىدا قەدىمدىن بۇيان قوللىنىپ كېلىنگەن *a*، *ә* تاۋۇشلىرىنىڭ ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلۇق شەكلى ياكى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش فونېمىسىلىق رولى بۇ ئەسەرلەردە نېمىشقا «*aa*» ۋە «*ә ә*» شەكلىدە كۆرۈلمەيدۇ؟

مانې ۋە براخمى يېزىقىدا يېزىلغان ئۇيغۇر تىلى يادىكارلىقلىرىغا كەلسەك، بۇلاردا *a*، *ә* تاۋۇشلىرىنىڭ ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلۇق بەلگىلەر بىلەن يېزىلغانلىقى توغرىسىدا ئۇچۇرلار بار[①]. لېكىن مانې ۋە براخمى يېزىقىدىكى ئەسەرلەردە ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلۇق بەلگىلەر بىلەن يېزىلغان سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ھەقىقىي ئۇزۇن تاۋۇش ئىكەنلىكى گۇمانلىق. مەسىلەن، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يادىكارلىقلاردا «بۇ» ئالمىشى بەزەن «*boo*» شەكلىدە ئىپلىنغان بولسا، مانې يېزىق يادىكارلىقلىرىدىن كەلتۈرۈلگەن مىساللاردا بەزىدە «*bo*» مۇ ئىپلىنغان. «*bol* — بولماق» پېئىلى «*bholsar* — بولسا، *bholor* — بولۇر» شەكلىدە ئىپلىنغان[②].

ۋون لېكوك تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلانغان. س. ھىمران تەرىپىدىن تۈركچىگە تەرجىمە قىلىنغان «خۋاست نەھۇفت»دە پەقەت «ئوت، ئاتەش» سۆزى «*oot*» شەكلىدە ئىككى «*o*» بىلەن يېزىلغان. «ئون» سانى ھەم «*oon*»، ھەم «*on*» شەكلىدە ئىپلىنغان، «يەل» سۆزى «*jïl*»، «يۈز» سانى «*jüz*» شەكلىدە ئىپلىنغان[③].

ۋون گابىننىڭ سوزۇق تاۋۇشتىن ئالدىن بىر «*h* — ھ» بەلگىسىنى قويۇپ ئىپادىلىگىنىگە قارىغاندا، بۇ يەردە ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشقا چېتىشلىق مەسىلە يوقتەك، بەلكى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ كەلپىن شېۋىسىدە سارقىندى ھالەتتە ساقلىنىپ كەلگەن جىددىي سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن ئالاقىدار مەسىلە باردەك كۆرۈنىدۇ. مۇنداق فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ باشقا دىئالېكت ۋە شېۋىلىرىدە كۆرۈلمەسلىكى بەلكىم ئۇنىڭ شۇ دەۋردىكى مەلۇم بىر شېۋىدىلا بولغانلىقىنى كۆرسەتسە كېرەك.

ئەمدى 10 — 13- ئەسىرگە تەئەللۇق بولغان خاقانىيە ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى — خاقانىيە تۈركچىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا بايان قىلىنغان تىلنى تەكشۈرۈپ شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىياتىدىكى ھەرقايسى باسقۇچلارنى بىر قۇر كۆرۈپ ئۆتەيلى.

---

① ۋون گابىن «قەدىمكى تۈركىي تىل گراماتىكىسى» تۈركچە. 31- بەت ۋە ئىندېكىس قىسمى.
② ۋون گابىن «قەدىمكى تۈركىي تىل گراماتىكىسى» تۈركچە. 31- بەت ۋە ئىندېكىس قىسمى.
③ ۋون لېكوك «خۋاست نەھۇفت»، س. ھىمران تەرجىمىسى، تۈركچە. ئەنقەرە. 1941- يىلى، 105- ۋە 126- بەتلەر.

## 1. «دىۋان»دىكى ئۇزۇن ۋە قىسقا سوزۇق تاۋۇشلار توغرىسىدا

«دىۋان»نىڭ I تومى ئاساسەن سالىم سۆزلەر (سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن باشلانغان سۆزلەر) بۆلۈمى. شۇڭا، بىز بۇ مەسىلىنى «دىۋان»نىڭ I تومىدا سۆزنىڭ ئەڭ بېشىدىكى سوزۇق تاۋۇشنىڭ «ئەلىف — ا» دىن كېيىن لىن ھەرپلىرى (ساكىنلىق ئوقۇلىدىغان «ئەلىف — ا، ۋاۋ — و، يا — ى» ھەرپلىرى) كەلتۈرۈلۈش بىلەن ئىپادە قىلىنغان سۆزلەرگە مەركەزلەشكەن ھالدا بايان قىلىمىز.

«دىۋان»نىڭ I تومىدا لىن ھەرپلىرىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئىپادە قىلىنغان سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن باشلانغان بىر قىسىم سۆزلەر بار. 1980- يىللىرى «دىۋان» فونېتىكىسى بىلەن تونۇشلۇقىمىزنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقى شۇنىڭ بىلەن بىللە بىزدىن بۇرۇن «دىۋان»نىڭ تەرجىمىسى بىلەن شۇغۇللانغان ئالىملارنىڭ كۆز قاراشلىرىغا ھۆرمەت قىلىش يۈزىسىدىن سوزۇق تاۋۇشلارنى «ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش»دەپ تونۇپ، ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش بەلگىسى ئارقىلىق ترانسكرىپسىيە قىلغانىدۇق. ئاردىن مەلۇم ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. «دىۋان»نىڭ قايتا نەشر قىلىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن «دىۋان» تىلىنى بىر قەدەر چوڭقۇرلاپ ئۆگىنىش جەريانىدا، ئۆتكەندە قىلغانلىرىمىزنىڭ بىر خىل ئەگەشمىچىلىك ئىكەنلىكى، بۇ قىلغانلىرىمىزنىڭ بەزىلىرى «دىۋان» تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىگە ئانچە ئۇيغۇن بولمىغانلىقى ھېس قىلىندى. شۇنداق قىلىپ «خاقانىيە تۈركچىسى»دە زادى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن قىسقا سوزۇق تاۋۇشلار ئايرىم - ئايرىم فونېمىلارنى تەشكىل قىلغانمۇ، يوق؟ دېگەن مەسىلە ئۆزلۈكىدىن ئالدىمىزغا قويۇلۇپ قالدى.

گەرچە «دىۋان»نىڭ قايتا نەشر قىلىنىشى جەريانىدا بۇ مەسىلىگە چېتىشلىق خاتالىقلىرىمىز تۈزىتىلگەن بولسىمۇ، ئۇيغۇر يېزىق يادىكارلىقلىرىدا ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ياكى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش فونېمىلىرىنىڭ قوللىنىلغان ياكى قوللىنىلمىغانلىقىنى ئېنىقلاش مەقسىتىدە «دىۋان»دىكى سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان سۆزلەرنى ھەم بۇ توغرىدا مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بايانلىرىنى قايتا كۆزدىن كەچۈرۈپ بېقىش زۆرۈر بولۇپ قالدى.

### 1) مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋان»دا لىن ھەرپى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن سوزۇق تاۋۇشلار توغرىسىدىكى بايانلىرى

مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»دا لىن ھەرپى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن سوزۇق تاۋۇشلارنى ھېچقانداق يەردە لىن ھەرپىسىز — ئۈزۈك تاۋۇشلارغا تۇرلۇك ھەرىكىلەرنى قويۇش ئارقىلىقلا ئىپادىلەنگەن سوزۇق تاۋۇشلارغا قارىمۇ قارشى قويغان ئەمەس. پەقەت «اُونْ *ün* — ئۈن، تاۋۇش» (دىۋان I توم 68- بەت) سۆزىنى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش بىلەن ھەم قىسقا سوزۇق تاۋۇش بىلەن تەلەپپۇز قىلىشقا بولىدۇ، دېگەن. «اُوذْ *od* — زامان» (دىۋان I توم 62- بەت)،

«اُورْ ör — تون ياكى كەمزۇلنىڭ قولتۇقى» (دىۋان I توم 63- بەت)، «اُوتْ öt — تۆشۈك» (دىۋان I توم 61- بەت)، «اُوتْ öt — ئۆت، ئۆت خالتىسى» (دىۋان I توم 61- بەت) سۆزلىرىدىكى لىن ھەرپلىرىدىن بولغان «و»نى يۇمشاق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ، دېگەن. «اُولُكْ ülük — ئۈلۈش، ھەسسە» (دىۋان I توم 98- بەت)، «اُوزْ üz — ئۈز ياغ» (دىۋان I توم 63- بەت) سۆزلىرىدىكى لىن ھەرپلىرىدىن بولغان «ئەلىف — ا»نى يۇمشاق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ، دېگەن. بۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق يەردە لىن ھەرپى بىلەن ئىپادە قىلىنغان سوزۇق تاۋۇشلار توغرىسىدا بىر نېمە دېمىگەن.

بۇلاردىن باشقا لىن ھەرپلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئىملا مەسىلىسىدە «دىۋان I توم 526- بەتتە ئۇتتۇرا ھەرپى ئەرەبچە دىئاكرىتىك بەلگىلەر بىلەن بېرىلگەن سۆزلەرنى تۈركچە يېزىق بىلەن يازماقچى بولغاندا فەتھەنى «ئەلىف — ا» بىلەن، زەممە ئالامىتىنى «ۋاۋ — و» بىلەن، كەسرەنى «يا — ى»بىلەن يېزىش لازىم كېلىدىغانلىقىنى ئالاھىدە ئەسكەرتكەن.

**2) لىن ھەرپى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن باشلانغان سۆزلەرنىڭ «دىۋان» دا كۆرۈلۈشى**

لىن ھەرپى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن باشلانغان سۆزلەر «دىۋان» I تومدا ئاساسەن تۆۋەندىكى ئورۇنلاردا كۆرۈلىدۇ.

بىرىنچى: «دىۋان» I توم 60—69- بەتلەردىكى فَعْلْ، فُعْلْ، فِعْلْ (fi'l، fu'l، fə'l) ۋەزنىدىكى ئوتتۇرا ھەرپى ساكىنلىق كەلگەن بىر بوغۇملۇق سۆزلەر بابىنىڭ مەنقۇس (ئۈچ ھەرپتىن تۈزۈلۈپ بىرەر ھەرپى لىن ھەرپى بىلەن كەلگەن) سۆزلەر قىسمىدا:

بۇ قىسىمدا لىن ھەرپى «ۋاۋ — و»نىڭ ياردىمى بىلەن ئىپادىلەنگەن لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن باشلانغان بىر بوغۇملۇق سۆزلەر جەمئىي 32، ئىككى بوغۇملۇقلىرى ئالتە، ە تاۋۇشىنىڭ ئەركىن ۋارىيانتى ھېسابىدا «ئەلىف — ا» دىن كېيىن لىن ھەرپى «يا — ى» نىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن، يەنى «e» بىلەن باشلانغان سۆزلەر جەمئىي 10، «ئەلىف — ا»دىن كېيىن «يا — ى»نىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن يەنى «i»بىلەن باشلانغان بىر بوغۇملۇق سۆزلەر جەمئىي بەش.

مۇشۇ بەتلەردىكى قالغان سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن باشلانغان بىر بوغۇملۇق سۆزلەردە لىن ھەرپى قوللىنىلمىغان.

ئىككىنچى: «دىۋان» I توم 107— 112- بەتنىڭ ئايىغىغىچە كۆرۈلىدىغان فَعَلْ، فَعُلْ، فَعِلْ (fəil، fəul، fəəl) ۋەزنىدىكى ئوتتۇرا ھەرپى ھەرىكىلىك كەلگەن سۆزلەر بابىنىڭ مىسال[①] قىسمىدا:

بۇ قىسىمدىكى سۆزلەرنىڭ ھەممىسى كۆرسىتىلگەن ۋەزنگە قارىمۇ قارشى ھالدا بىر

① ئەرەبچىدە «ا، و، ى» ھەرپلىرىنىڭ بىرسى بىلەن باشلانغان سۆزلەر.

بوغۇملۇق بولۇپ، كۆپىنچىسى «ئەلىف — ا»نىڭ ياردىمى ئارقىلىق «اَا» شەكلىدە ئىپادىلەنگەن a سوزۇق تاۋۇشى بىلەن باشلانغان سۆزلەردۇر، ئومۇمىي سانى 22. تەركىبىدە «ئەلىف — ا» قوشۇلمىغان، پەقەت ھەرىكە ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن «اُزْ oz — قِزِلْ اُزْ — kizil oz — قەشقەر تاغلىرىدىكى بىر قىشلاق» ۋە «اُفْ ov — ئۆي» قاتارلىق ئىككى سۆز مۇشۇ قىسىمغا كىرگۈزۈلگەن.

ئۈچىنچى: «دىۋان» I توم 232- بەتتىن 234- بەتكىچە بولغان ھەمزە[1] لىك پېئىللار بۆلۈمىنىڭ ئىككى ھەرپلىكلەر بابىدىكى مەنقۇسلار.

بۇ قىسىمدىكى سۆزلەر ئىككى بوغۇملۇق بولۇپ، لىن ھەرپى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن سۆزلەرنىڭ سەككىزى a بىلەن، يەتتىسى لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن، بىرى e بىلەن باشلانغان.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا «دىۋان» I توم 178- بەتتە «اُوتُنْجْ utunč — ئۆياتلىق ئىش»، «دىۋان» I توم 218- بەتتە «اُوهِى ühi — ئۇكە، مۇشۇكياپىلاق»، «دىۋان» توم 246- بەتتە «اَرشْدِي arišdi — ئالداشتى» قاتارلىق سۆزلەرمۇ لىن ھەرپى ياردىمى ئارقىلىق ئىپادە قىلىنغان سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن باشلانغان.

**3) «دىۋان»دا لىن ھەرپى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن باشلانغان سۆزلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى**

«دىۋان»دا ə تاۋۇشى ھېچيەردە ئىككى ئەلىف بىلەن «اا» شەكلىدە ئىپادە قىلىنغان ئەمەس. بەزى سۆزلەرنىڭ بېشىدىكى ə تاۋۇشى كۆپىنچە «ئەلىف — ا»نىڭ فەتھەسى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن. بەزىدە «ئەلىف — ا»دىن كېيىن بىر «يــــ» ھەم كەسرە ئالامىتى قويۇش ئارقىلىق يەنى «ايــــ» شەكلىدە ئىپادىلەنگەن بولۇپ، بۇ ئەمەلىيەتتە e تاۋۇشىنىڭ ئىپادىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مۇنداق e تاۋۇشى ئەگەر شۇ بوغۇم ئوچۇق بوغۇم بولسا، ə تاۋۇشىنىڭ ئاجىزلاشقانلىقىنىڭ، ئەگەر يېپىق بوغۇم بولسا ə تاۋۇشىنىڭ ئەركىن ۋارىيانتىنىڭ پاكىتىدۇر. بىز بۇ ھەقتە ئورقۇن ئابىدىلىرىدە «ئەل - مەملىكەت، خەلق» سۆزىنىڭ بەزىدە «ᛁᚴ - ئەل» بەزىدە «ᛁᚴ - el» بەزى ئابىدىلەردە «ᛁᚴ - El» شەكلىدە يېزىلغانلىقىنى دەلىل كەلتۈرەلەيمىز. شۇڭا، «ئەلىف — ا» دىن كېيىن بىر «يا - ى» ۋە ئاستىغا كەسرە قويۇپ ئىپادىلەنگەن ə تاۋۇشىنى لىن ھەرپىنىڭ ياردىمى بىلەن ئىپادىلەنگەن ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش دەپ ھېسابلىمايمىز. مۇنداق سوزۇق تاۋۇشلار ئوچۇن يەنە تۆۋەندىكى مىساللارنى كەلتۈرۈشكە بولىدۇ.

بَشكْلكْ bəxiklik — بۆشۈكلۈك («دىۋان» I توم 661- بەت)

بَشِكْتِنْ bəxiktin — بۆشۈكتىن («دىۋان» III توم 79-، 105-، 257- بەت)

---

[1] ئەرەب تىلى ئېلىپبەسىنىڭ تۇنجى ھەرپى بولغان «ئەلىف — ا»نىڭ ئاستى ياكى ئۈستىگە قويۇلغان بەلگىلەر ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن تۈرلۈك سوزۇق تاۋۇشلار.

بِشْكْ *bexik* — بۆشۈك («دىۋان» I توم 346-، 363- بەت)

اَفْدِي *evdi* — ئالدىرىدى («دىۋان» I توم 225- بەت)

اَفْدِمْ *əvdim* — ئالدىرىدىم («دىۋان» I توم 225- بەت)

اَفَكْلِكْ *əvəklik* — ئالدىراڭغۇلۇق («دىۋان» I توم 207- بەت)

اِيفَكْ *evək* — ئالدىراڭغۇ («دىۋان» I توم 105، 140، 503)

بَلَك *bələk* — سوۋغات («دىۋان» I توم 500- بەت)

بَيْلَكْ *belək* — سوۋغات («دىۋان» I توم 531- بەت)

اَتِّي *ətti* — ئۆكلىدى («دىۋان» I توم 342- بەت)

اِيتِّي *etti* — ئۆكلىدى («دىۋان» I توم 231- بەت)

اِتّى *etti* — ئۆكلىدى («دىۋان» I توم 424-، 456-، 457-، 468- بەت)

اَتْمَدِي *ətmədi* — ئۆكلىمىدى («دىۋان» I توم 434- بەت)

اَتْلَكَانْ *ətilgən* — ئۆكلانغان («دىۋان» I توم 214- بەت)

اَتْلَكَمَتْ *ətilgəmət* — (شېئىردا) («دىۋان» I توم 576- بەت)

اَيْتلَكَمَتْ *etilgəmət* — (شېئىردا) («دىۋان» II توم 300- بەت)

اَشْتِلْدِي *əxtildi* — ئاڭلاندى («دىۋان» I توم 327- بەت)

اَشِتْسا *əxitsə* — ئاڭلىسا («دىۋان» I توم 283- بەت)

اَشْتِبْ *extip* — ئاڭلاپ («دىۋان» I توم 660- بەت)

اَشْتُرْدِي *extürdi* — ئاڭلاتتى («دىۋان» I توم 296- بەت)

اَسْدِي *əsdi* — سورۇدى («دىۋان» I توم 224- بەت، 5- قۇر)

اِسِلْدِي *esildi* — ئېسىلدى، سوزۇلدى («دىۋان» I توم 264- بەت)

مۇنداق بىر خىللىقنىڭ يوقلۇقىنى [e] باشقا سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن باشلانغان تۈۋەندىكى سۆزلەرنىڭ يېزىلىشىدىمۇ ئۇچۇق كۆرگىلى بولىدۇ.

مەسىلەن:

1. اَاجْ *aq* — ئاچ («دىۋان» I توم 108- بەت).

اَاجْتِي *aqti* — ئاچتى، قورساق ئاچتى («دىۋان» I توم 232- بەت).

اَاجْلِقْ *aqlik* — ئاچلىق («دىۋان» I توم 154- بەت).

اَجُرْغَانْ *aquroqan* — ئاچۇرىدىغان («دىۋان» I توم 212- بەت).

اَجُرْدِي *aqurdi* — ئاچۇردى («دىۋان» I توم 354- بەت).

اَجِقْتِي *aqikti* — ئېچىرقىدى («دىۋان» I توم 256- بەت).

2. اَاغْدِي *aoqdi* — ئاغدى، كۆتۈرۈلدى («دىۋان» I توم 234- بەت).

اَغْسادِي *aoqsadi* — كۆتۈرۈلگۈسى كەلدى («دىۋان» I توم 366- بەت).

اَغِتّي *aoqitti* — چىقاردى («دىۋان» I توم 284- بەت).

اَغِشْدِي *aoqixdi* — چىقىشتى («دىۋان» I توم 249- بەت).

اَغِشْ *aoqix* — ئۆرلەش، چىقىش («دىۋان» I توم 83- بەت).

اَغِتْغَانْ *aoqitoqan* — چىقىرىۋېرىدىغان («دىۋان» I توم 211- بەت).

3. اَاتْ *at* — ئات، ئىسىم («دىۋان» I توم 107- بەت).

اَتْلِغْ *atliq* — قەبىلىنىڭ چوڭلىرى («دىۋان» I توم 108- بەت).

اَتادِي *atadi* — ئاتىدى («دىۋان» III توم 343- بەت).

4. اَارْدِي *ardi* — هاردى («دىۋان» I توم 232- بەت).

اَرْغُرْدِي *aroqurdi* — هارغۇزدى («دىۋان» I توم 301- بەت).

اَرُقْ *aruk* — هارغىن («دىۋان» I توم 89- بەت).

اَرُقْلُقْ *arukluk* — هارغىنلىق («دىۋان» I توم 203- بەت).

اَرُقْلادِي *arukladi* — هاردۇق ئالدى («دىۋان» I توم 400- بەت).

5. اَاز *az* — ئاز («دىۋان» («دىۋان» I توم 109- بەت).

اَازْلَنْدِي *azlandi* — ئاز كۆردى («دىۋان» I توم 392- بەت).

اَزْ كُرُنُورْ *az kərünür* — ئاز كۆرۈنىدۇ («دىۋان» I توم 104- بەت).

اَتَنْ يُوكِي اَشْ بولسا اَجْقَا اَزْ كَرْتُور- ماقال.

6. اَازْدِي azdi — ئازدى («دىۋان» I توم 233- بەت).

اَزِتِّي azitti — ئازدۇردى («دىۋان» I توم 280- بەت).

اَزِتْغانْ azitqan — ئازدۇرۇۋېرىدىغان («دىۋان» I توم 210- بەت).

اَزِلْدِي azildi — ئېزىپ كېتىلدى («دىۋان» I توم 264- بەت).

اَزُقْ azuk — ئازغان («دىۋان» I توم 90- بەت).

7. اُوى oy — ئوي، ئويمان («دىۋان» I توم 69- بەت).

اُويْدِي oydi — ئويدى («دىۋان» I توم 235- بەت)

اُيْتُرْدِي oyturdi — ئويدۇردى («دىۋان» I توم 356- بەت).

اُيُشْدِي oyuxdi — ئويۇشتى («دىۋان» I توم 354- بەت).

اُيُلْدِي ojuldi — ئويۇلدى («دىۋان» I توم 355- بەت).

8. اُورْدِي ordi — ئوردى («دىۋان» I توم 232- بەت).

اُرْغاقْ orqak — ئورغاق («دىۋان» I توم 161- بەت).

اُرُلْدِي oruldi — ئورۇلدى («دىۋان» I توم 262- بەت).

اُرُمْ orum — ئورۇم («دىۋان» I توم 102- بەت).

9. اُولَتِّي ulatti — ئۇلاتتى («دىۋان» I توم 285- بەت).

اُلَشْدِي ulaxdi — ئۇلاشتى («دىۋان» I توم 255- بەت).

اُلَنْدِي ulandi — ئۇلاندى («دىۋان» I توم 274- بەت).

اُلاغْ ulaq — ئۇلاق. كىيىم ئۇلىقى («دىۋان» I توم 165- بەت).

اُلاغُو ulaqu — ئۇلاق بولىدىغان نەرسە («دىۋان» I توم 184- بەت).

اُلَاغْ ulaq — ئات - ئۇلاق («دىۋان» I توم 165- بەت).

10. اُولْ ul — ئۇل، هۇل («دىۋان» I توم 67- بەت).

اُلْدِيدِي uldidi — تاقىسىزلىقتىن ئۇلدىدى («دىۋان» I توم 360- بەت).

أُلْدُقْ *ulduk* — ئۆلدىغان ئات («دىۋان» I توم 136- بەت).

أُونْدُورْدِي *ündürdi* — ئۈندۈردى («دىۋان» I توم 300- بەت).

11. أُونَارْ *ünər* — ئۈنەر («دىۋان» I توم 89- بەت).

أُنْدُرُرْ *ündürür* — ئۈندۈرۈر («دىۋان» I توم 300- بەت).

12. أُولُكْ *əlüg* — ئۆلۈك («دىۋان» I توم 98- بەت).

أُلُتْ *əlüt* — ئۆلۈمتۈك، بىر - بىرىنى ئۆلتۈرۈش («دىۋان» I توم 72-، 73- بەت).

أُلُتْلَادِي *əlütlədi* — جان تىكتى («دىۋان» I توم 394- بەت).

أُلْدُرْدِي *əldürdi* — ئۆلتۈردى («دىۋان» I توم 299- بەت).

أُلْسَادِي *əlsədi* — ئۆلگۈسى كەلدى («دىۋان» I توم 367- بەت).

أُلْشَادِي *əlxədi* — ئۆلەر ھالەتكە يەتتى («دىۋان» I توم 373- بەت).

أُلْشَتِّي *əlxətti* — ئۆلەر ھالەتكە يەتكۈزدى («دىۋان» I توم 347- بەت).

أُلْكْسَادِي *əlügsədi* — ئۆلگۈسى كەلدى («دىۋان» I توم 398- بەت).

أُلُمْ *əlüm* — ئۆلۈم («دىۋان» I توم 103- بەت).

13. أُورْدِي *ərdi* — چاچ ئۆرۈدى («دىۋان» I توم 232- بەت).

أُرُشْدِي *ərüxdi* — ئۆرۈشتى («دىۋان» I توم 247- بەت).

أُرُلْدِي *ərüldi* — ئۆرۈلدى («دىۋان» I توم 263- بەت).

أُرْكُجْ *ərgüq* — ئۆرۈمە چاچ («دىۋان» I توم 129- بەت).

أُرْكُجْلَنْدِي *ərgüqləndi* — ئۆرۈمە چاچلىق بولدى («دىۋان» I توم 410- بەت).

أُرْجُكْ *ərqük* — ئۆرۈلگەن چاچ («دىۋان» I توم 140- بەت).

أُرْمَا *ərmə* — ئۆرۈمە چاچ («دىۋان» I توم 175- بەت).

أُرُكْ *ərük* — ئۆرۈك چاچ، ئۆرۈلگەن چاچ («دىۋان» I توم 94- بەت).

أُرُنْكْ *ərüŋ* — ئۆرۈم، ھەق («دىۋان» I توم 181- بەت).

أُرُمْجُكْ *ərümqük* — ئۆمۈچۈك («دىۋان» I توم 206- بەت).

اُوزْلُندى *üzlündi* — ئۈزۈلدى («دىۋان» I توم 342- بەت).

اُزْدىْ *üzdi* — ئۈزدى («دىۋان» I توم 223- بەت).

14. اُزْلُدىْ *üzüldi* — ئۈزۈلدى، ھالىدىن كەتتى («دىۋان» I توم 264- بەت).

اُزْتُرْدىْ *üztürdi* — ئۈزدۈردى («دىۋان» I توم 295- بەت).

اُزْشْدىْ *üzüxdi* — ئۈزۈشتى («دىۋان» I توم 248- بەت).

اُزْلُشْدى *üzlüxdi* — ئۈزۈلۈشتى («دىۋان» I توم 319- بەت).

اُزْسادىْ *üzsədi* — ئۈزگۈسى كەلدى («دىۋان» I توم 365- بەت).

اُزْلكانْ *üzülgən* — ئۈزۈلۈپلا تۇرىدىغان («دىۋان» I توم 215- بەت).

اُزْلُنُرْ *üzlünür* — ئۈزۈلىدۇ («دىۋان» I توم 342- بەت).

اُزْكُلُكْ *üzüklük* — ئۈزۈلگەنلىك («دىۋان» I توم 206- بەت).

اُزُمْ *üzüm* — ئۈزۈم («دىۋان» I توم 388- بەت).

15. اُولُكْ *ülük* — ئۈلۈش، ھەسسە («دىۋان» I توم 98- بەت).

اُلْشْدىْ *üləxdi* — ئۈلەشتى («دىۋان» I توم 255- بەت).

اُلْتىْ *ülətti* — ئۈلەشتۈردى («دىۋان» I توم 286- بەت).

16. ااِزْ *iz* — ئىز («دىۋان» I توم 140- بەت).

ايزْلِكْ *izlik* — چورۇق («دىۋان» I توم 141- بەت).

17. اِيكْ *iq* — كېسەل («دىۋان» I توم 67- بەت).

اِكْلادىْ *iglədi* — كېسەل بولدى («دىۋان» I توم 378- بەت).

اِكْلْدىْ *ügləldi* — كېسەل بولدى («دىۋان» I توم 390- بەت).

اِكْلْتى *iglətti* — ئاغرىتتى، كېسەل قىلدى («دىۋان» I توم 351- بەت).

اِكْلْشىْ *igləxdi* — كېسەل بولۇشتى («دىۋان» I توم 321- بەت).

يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن 17 تۈپ سۆز ۋە بۇلاردىن ياسالغان ياسالما سۆزلەرنىڭ ياكى ئۇ سۆزلەرنىڭ تۈرلەنگەن شەكىللىرىدە سۆز بېشىدا لىن ھەرپىنىڭ ياردىمى بىلەن ئىپادىلەنگەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئىملاسى ئىزچىل ئەمەس. يەنى گەرچە تۈپ سۆزدە لىن ھەرپى

قوللىنىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ تۈرلەنگەن ۋە ياسالما سۆزگە ئاساس قىلىنغان شەكىللىرىدە ئىملادىكى ئىزچىللىق ساقلانمىغان.

مۇشۇنداق قارىغاندا، ە دىن باشقا ئالتە سوزۇق تاۋۇش (ئا، ئو، ئۇ، ئۆ، ئۈ، ئى) نىڭ لىن ھەرپلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئىپادىلىنىش نىسبىتى تۆۋەندىكىدەك:

«دىۋان»دا سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن باشلانغان يىلتىز سۆزلەر 600 دىن سەل ئۇشۇقراق. بۇلاردىن

«ئا» بىلەن باشلانغانلىرىدىن «اَا» بىلەن ئىپادىلەنگىنى 23 ئورۇندا.

«ئو» بىلەن باشلانغانلىرىدىن «اُو» بىلەن ئىپادىلەنگىنى 10 ئورۇندا.

«ئۆ» بىلەن باشلانغانلىرىدىن «اُو» بىلەن ئىپادىلەنگىنى 19 ئورۇندا.

«ئۇ» بىلەن باشلانغانلىرىدىن «اُو» بىلەن ئىپادىلەنگىنى 12 ئورۇندا.

«ئۈ» بىلەن باشلانغانلىرىدىن «اُو» بىلەن ئىپادىلەنگىنى 8 ئورۇندا.

«ئى» بىلەن باشلانغانلىرىدىن «اِي» بىلەن ئىپادىلەنگىنى 6 ئورۇندا.

دېمەك، 600 دىن ئۇشۇقراق يىلتىز سۆز ئىچىدە ە دىن باشقا سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن باشلانغان سۆزلەرنىڭ بىرىنچى سوزۇق تاۋۇشى پەقەت 78 ئورۇندىلا لىن ھەرپىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن.

### 4) ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن باشلانغان سۆزلەردە لىن ھەرپى ياردىمى بىلەن ئىپادىلەنگەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئەھۋالى

ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن باشلانغان سۆزلەردىمۇ ئەھۋال شۇنداق. ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن باشلانغان سۆزلەردە سوزۇق تاۋۇش كۆپىنچە شۇ ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ ئاستى ياكى ئۈستىگە ھەرىكە (سوزۇق تاۋۇش بەلگىسى) قويۇش ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن. «دىۋان» I تومدا سۆز بېشىدىكى ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ فەتھەسى ($a$ ياكى ە سوزۇق تاۋۇشلىرىنى ئىپادىلەيدىغان بەلگە) بىلەن ئىپادىلەنمەي، مەزكۇر ئۈزۈك تاۋۇشقا «ئەلىف — ا»نى قوشۇش ئارقىلىق $a$ سوزۇق تاۋۇشى ئىپادىلەنگەن سۆز پەقەت 13؛ فەتھە بىلەن «ئەلىف — ا»نى تەڭ قوللىنىش ئارقىلىق $a$ سوزۇق تاۋۇشى ئىپادىلەنگەن سۆز ئىككى؛ «و» ھەرپى ئارقىلىق لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشى ئىپادىلەنگەن سۆز 12؛ «و» بىلەن زەممە (لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلارنى ئىپادىلەيدىغان بەلگە)نى تەڭ قوللىنىش ئارقىلىق لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشى ئىپادىلەنگەن سۆز ئىككى. «يا — ى» ھەرپى ئارقىلىق «$i$» سوزۇق تاۋۇشى ئىپادىلەنگەن سۆزلەر ئالتە.

مۇنداق بىر خىللىقنىڭ يوقلۇقىنى تۆۋەندىكى مىساللاردىن ئوچۇق كۆرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن:

تاتىغ *tatiq* — تېتىق، تاتلىق («دىۋان» I توم 530- بەت).

تَتِغْلِغْ *tatiqliq* — تاتلىق نەرسە («دىۋان» I توم 645- بەت).

تَتِنْدِي *tatindi* — تېتىملىق («دىۋان» I توم 586- بەت).

تَتُرْغان *taturqan* — تېتىتىدىغان («دىۋان» I توم 669- بەت).

قاغون *kaqun* — قوغۇن («دىۋان» I توم 533- بەت).

قَغُنْلُغْ *kaqunluq* — قوغۇنى بار («دىۋان» I توم 650- بەت).

قَغُنْلُقْ *kaqunluk* — قوغۇنلۇق، قوغۇن تېرىلغان يەر («دىۋان» I توم 656- بەت).

كُوشِكْ *kɵxik* — پۇركەنچە، پەردە، پانا («دىۋان» I توم 531- بەت).

كُشِكْلِكْ *kɵxikliq* — سايىلىق يەر («دىۋان» I توم 662- بەت).

كُشِكا *kɵxigə* — كۆلەڭگە، ساي («دىۋان» I توم 584- بەت).

كُولِكْ *kɵlik* — كۆلەڭگە، سايە («دىۋان» I توم 531- بەت).

كُلِكْلِكْ *kɵlikliq* — كۆلەڭگە، سايىلىق يەر («دىۋان» I توم 663- بەت).

كُلِيكا *kɵligə* — قويۇق كۆلەڭگە («دىۋان» I توم 584- بەت).

«قۇتادغۇ بىلىك»نى ئالساق، ئۇنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى مەلۇم بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئەسلىدىكى ئىملا ئەھۋالى مەلۇم ئەمەس. قولىمىزدىكى نەمەنگان نۇسخىسىنى ئالساق، ئۇنى ئەسلىي نۇسخىدىن خېلى كېيىن كۆچۈرۈلگەن دەپ پەرەز قىلغاندىمۇ، ئۇنىڭدا ئەسلىي نۇسخىدىكى يېزىلىشىغا ئوخشاتقان بولۇشى مۇمكىن دېيىشكە بولىدىغان بىرەر سۆز يوق. مەسىلەن: ئۇنىڭدا «ئىككى ئەلىف — اا» بىلەن يېزىلغان سۆزلەر يوق. «ئەلىف — ا» دىن كېيىن بىر «و، ي» ھەرپلىرىنى قويۇپ لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن $i$ ۋە $e$ تاۋۇشلىرىنى ئىپادىلىگەن. مۇنداق ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئەرەب ئىملاسى ئۇسۇلىدىكى «ئەلىف — ا»نىڭ ئۈستىگە زەممە، ئاستىغا كەسرە ئالامىتى قويۇپ ئىپادىلەشكە قارىتا ئۇيغۇر تىلى بويىچە ئۆزگەرىش قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

«قىسسە» (ك. گرونبېك تەييارلىغان، 1948 - يىلى كوپېنھاگېندا نەشر قىلىنغان) نىڭ ئىملاسىنى ئالساق، بۇنىڭدىمۇ ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئىپادىلەنگەنلىكىگە دائىر ئىملا ئالاھىدىلىكلىرى كۆرۈلمەيدۇ. بەزى سۆزلەردە لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش بەلگىسى «و» دىن كېيىن بىر «ئەلىف — ا» قويۇلۇپ يېزىلغان، لېكىن بۇنىڭدىمۇ ئىزچىللىق يوق، بۇنداق

«ئەلىف ـــ ا» نىڭ ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلارنى ئىپادىلىگەنلىكى مەلۇم ئەمەس. يەنى مۇنداق شەكىللەر «ئەلىف ـــ ا» سىز يېزىلغان سوزۇق تاۋۇشلارغا قارمۇ قارشى قويۇلغان ئەمەس. تۆۋەندىكى مىساللارنى سېلىشتۇرايلى:

الغوا وقت — ئالدىنغان ۋاقىت (قىسسە 5r)

كلكو كون — كېلىدىغان كۈن (قىسسە 9v)

براكو — بىرەيلەن، بىراۋ (قىسسە 27v)

تورتاكو — تۆتەيلەن (قىسسە 27v)

يىتاكوا — يەتتەيلەن (قىسسە 22v)

قرشوا — قارشى، ئۇدۇل (قىسسە 16v)

قرشواكلدى — ئۇدۇل كەلدى.

قرشو — قارشى ئۇدۇل (قىسسە 28r)

قرشوتوتوب — ئۇدۇل تۇتۇپ.

تبرانوا باشلادى (قىسسە 3r)/ تبرانو باشلادى (قىسسە 6v) — تەۋرىنىشكە باشلىدى.

الغالوا — (قىسسە 5v)/ الغالى — ئالغىلى (قىسسە 12r)

كيركالوا — (قىسسە 11v)/ كيركالى — كىرگىلى (قىسسە 6v)

باروا — (قىسسە 4v) بارو — بېرى (قىسسە 9r)

«ئەتەبەتۇل - ھەقايىق»نىڭ B ۋە C نۇسخىلىرىدىمۇ ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئالاھىدە بەلگىلەر بىلەن يېزىلغانلىقى كۆرۈلمەيدۇ.

يېقىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىق يادىكارلىقلىرىغا كەلسەك، بۇنىڭدىمۇ لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن $i$، $e$ تاۋۇشلىرىنىڭ لىن ھەرپلىرىدىن «و، ي» نىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئىپادە قىلىنغانلىقىدىن باشقا $a$، $ə$ تاۋۇشلىرىنىڭ ئىككى ئەلىف بىلەن «اا» شەكلىدە يېزىلمىغانلىقى ئېنىق.

يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن مىساللارغا قارىغاندا ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدا ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن قىسقا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ فونېما سۈپىتىدە تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقى توغرىسىدىكى پىكىرلەرنى ئۇيغۇر تىلى تىلشۇناسلىقىدا يېتەرلىك ئاساسلارغا تايىنىپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان، دېگىلى بولمايدۇ.

ئەمدى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن قىسقا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ فونېما سۈپىتىدە تەڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكى ئۈستىدە ئازراق توختىلىپ ئۆتەيلى.

م. رەسەنىن: «ھازىرقى تۈركىي تىللاردا ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلار ئومۇمەن ئۇچرىمايدۇ»[1] دەيدۇ ۋە بۇ ھەقتە: «كېيىنكى تەتقىقاتلاردىن قىممەتلىك نەتىجىلەر مەيدانغا چىقىدۇ، دەپ ئۈمىد قىلىشقا بولىدۇ» دەيدۇ[2].

پروفېسسور تالات تېكىن «تۈركىي تىللاردا بىرلەمچى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلار» دېگەن ئەسىرىدە «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى بىرلەمچى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلار» ماۋزۇسى ئاستىدا گ. ياررىڭنىڭ تىل تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىدىن پايدىلانغان ئاساستا ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش *ā* ئۈچۈن بىر قىسىم سۆزلەردە *t*، *z*، *č*، *š*، *ɣ*، *l*، *r*، *n* تاۋۇشلىرىنىڭ ئالدىدا كەلگەن *a* نى، ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش *ō* ئۈچۈن *č* ۋە *t* تاۋۇشلىرىدىن ئالدىن كەلگەن *o* نى، ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش *ē* ئۈچۈن *də*، *jə* پېئىللىرىدىكى *ə* نى، ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش [ ī ] ئۈچۈن *it* (ئىت)، *pit* (پىت) سۆزلىرىدىكى [ i ] نى، ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش ɵ̄ ئۈچۈن *ɵrə* (ئۆرە)، *ɵz* (ئۆز) سۆزلىرىدە [ r ] نى [ z ] تاۋۇشىدىن ئالدىن كەلگەن *ɵ* نى، ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش [ǖ] ئۈچۈن *üč* (ئۈچ)، *jüz* (100)، *küsü* (كۈرسىمەك، كۆيمەك) سۆزلىرىدىكى *ü* نى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ[3]. ۋەھالەنكى، مۇنداق سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ مەنە پەرقلەندۈرۈش رولىنىڭ بار - يوقلۇقى توغرىسىدا بىر نېمە دېمەيدۇ. ھەتتا پروفېسسور تالات تېكىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىلى شېۋىسىدىكى[4] *qešiqa* (*qaš+i+qa*) قېشىغا) سۆزىدىكى 3- شەخس تەۋەلىك قوشۇمچىسى «*i*» نى ... — ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش دەپ كۆرسىتىدۇ[5].

پروفېسسور تالات تېكىننىڭ بۇ كېيىنكى مىسالنى قەيەردىن ئالغانلىقى مەلۇم ئەمەس. ئەگەر بۇ سۆزنى ئىلى شېۋىسىنى 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تەكشۈرگۈچىلەر خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئېيتىلىشىدىن خاتىرىلىگەن بولسا، بۇ «*i*» ئۇزۇن ئېيتىلغان بولۇشى مۇمكىن. مۇزىكا ساھەسىدىكى تاۋۇشلارنىڭ ئېيتىلىشى بىلەن جانلىق ئەدەبىي تىلدىكى ئېيتىلىشى ئوخشىماسلىقى تەبىئىي.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ بارلىقىنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە گ. ياررىڭدىن كەلتۈرۈلگەن يۇقىرىقى مىساللاردىن ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ھازىرقى ئەدەبىي تىلىمىز ۋە دىئالېكتلاردا كۆرۈلۈشىدىكى فونېتىكىلىق شارائىتنى مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ.

مەلۇم بىر تىلدىكى ھەرقانداق بىر تاۋۇش ياكى فونېما پەقەت مەلۇم بىر فونېتىكىلىق شارائىت، يەنى باشقا تاۋۇشلار بىلەن ئۆزئارا ھەم قارىمۇ قارشى ھەم مۇۋاپىقلاشقان شارائىتتىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ شۇ تىلنىڭ فونېتىكىلىق سىستېمىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك مەسىلە. راس، ھازىرمۇ تىلىمىزدا كۆپىنچە *l* ۋە *r* فونېمىلىرىنىڭ ئالدىدا كەلگەن پەس سوزۇق

[1] م. رەسەنىن يۇقىرىقى ئەسەر 58- بەت ۋە 61- بەت.
[2] م. رەسەنىن يۇقىرىقى ئەسەر 58- بەت ۋە 61- بەت.
[3] تالات تېكىن «تۈرك تىللىرىدا بىرلەمچى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلار» 54- بەت. ئەنقەرە. 1995.
[4] تالات تېكىننىڭ بۇ شېۋىنى «تارانچى دىئالېكتى» دەپ ئالغانلىقىغا ئەھمىيەت دېمەكتىن باشقا چارە يوق.
[5] تالات تېكىن «ئورقۇن تۈركچىسىنىڭ گرامماتىكىسى» 51- بەت. ئىستانبول. 2003.

تاۋۇش «a، ə، o، ɵ، e» لار بەزى سۆزلەرنىڭ تەركىبىدە نىسبەتەن ئۇزۇنراق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. ئەكسىنچە، مۇنداق شارائىتتىكى ئېگىز سوزۇق تاۋۇشلار «i، u، ü» قىسقىراق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. لېكىن ھەر ئىككى خىل ئەھۋالدا مەنە پەرقلەندۈرۈش رولىغا ئىگە بولمايدۇ. ئۇزۇنراق تەلەپپۇز قىلىنىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب r بىلەن l تاۋۇشلىرىنى تەلەپپۇز قىلىش ئالدىدا پەيدا بولىدىغان ئاغىزنىڭ بىر تەييارلىق باسقۇچىدىكى ھاۋا ئېقىمىنىڭ ئالدىدىكى پەس سوزۇق تاۋۇشقا قوشۇلۇپ كېتىشىدۇر. «əlgək، berip، ora-، ɵrə» قاتارلىق سۆزلەر بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ.

تالات تېكىن كۆرسەتكەن «kūsü» دېگەن مىسالدىكى ئۇزۇن ū بولسا، «kūrsü» دىكى «r» چۈشۈپ قالغانلىقتىن پەيدا بولغان ئىككىلەمچى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشتۇر. «ئىت، پىت، ئۈچ» سۆزلىرىدىكى i ۋە ū لەر ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش ئەمەس، بەلكى ئەدەبىي تىلىمىزدىمۇ دىئالېكتلاردىمۇ ئوخشاش قىسقا ۋە جاراڭسىز تەلەپپۇز قىلىنىدىغان سوزۇق تاۋۇشلاردۇر.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرىدىمۇ ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش فونېمىسى مەۋجۇت ئەمەس. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرىدىن كەلپىن شېۋىسىدە جەددىي سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن ئادەتتىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ قارىمۇ قارشىلىقى پەقەت بىر قانچە پەس سوزۇق تاۋۇشلاردىلا سارقىندى ھالەت سۈپىتىدە (ئىزچىل ئەمەس) كۆرۈلىدۇ.

جەددىي سوزۇق تاۋۇشلار مەسىلىسى ئايرىم تەتقىقات تېمىسى. شۇنداق بولسىمۇ، تۆۋەندە جەددىي سوزۇق تاۋۇشلارغا ئالاقىدار بىر قانچە مىسال كۆرسىتىپ قويدۇق.

بىزنىڭ تەكشۈرۈشىمىزدە ئەدەبىي تىلدا ئومۇمەن ئاھاڭداش دەپ قارىلىپ كەلگەن تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ كەلپىن شېۋىسىدە جەددىي سوزۇق تاۋۇشلار سەۋەبىدىن پەرقلىنىدىغانلىقى بايقالغانىدى:

| | |
|---|---|
| ئاتماق، ئېتىش، تاشلىماق، تاشلاش | $a^ht$ - |
| ئات (ھايۋان) | $a^ht$ |
| ئات، ئىسىم. | $at$ |
| ئەت، گۆش. | $ə^ht$ |
| ئەتمەك، ئېتىش | $ət$ - |
| ئوت، ئوت - چۆپ | $o^ht$ |
| ئوت، ئوت قويماق | $ot$ |
| ئۆتمەك، ئۆتۈش | $ɵ^ht$- |
| ئۆت، ئۆت خالتىسى | $ɵt$ |
| ئۆچمەك، ئۆچۈش | $ɵ^hq$ - |
| ئۆچ، ئۆچ كۆرۈش | $ɵq$ |

| | |
|---|---|
| تاپماق، تېپىش | $ta^{h}p$- |
| تاپ، تاپ سالماق (تېرىلغۇدا) | *tap* |
| كۆپمەك، كۆپۈش | $kɵ^{h}p$- |
| كۆپ، جىق | *kɵp* |
| ساپماق، كىيمەك | $sa^{h}p$- |
| (*qapanniŋ . yeŋini* $sa^{h}p$) | |
| ساپ، پاكىز، ئارىلاشمىغان | $sa^{h}p$ |
| ساپ، كەتمەن سېپى | *sap* |

ئېنىقكى، بۇ ھادىسە ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن چېتىشلىق ئەمەس.

ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن قىسقا سوزۇق تاۋۇشلار مەسىلىسى شۇ سوزۇق تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلىش ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان ۋاقىتنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقىغا قارىتىلغان. مەسىلەن، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا كۆرۈلىدىغان ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش *a*، *ə* لار ئۇيغۇر تىلىغا خاس سۆزلەر ئوقتىسىدىن ئالغاندا كۆپىنچە ئىككىلەمچى سوزۇق تاۋۇش، چەت تىللاردىن، بولۇپمۇ ئەرەب، پارس تىللىرىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر ئۈچۈن ئېيىتقاندا بىرلەمچى سوزۇق تاۋۇش ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، ئۇيغۇر تىلىدا مۇنداق ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ قىسقا ياكى قىسقىراق ئېيتىلىشى ئومۇمەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆلچەملىك تەلەپپۇزىغا يات تۇيۇلغاندىن باشقا، سۆز مەنىسىدىكى پەرقنى كەلتۈرۈپ چىقارمايدۇ. مىسالغا ئالساق، ئەگەر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەرنىڭ بىرىنچى ئۇچۇق بوغۇمىدىكى *a*، *ə* تاۋۇشلىرى چەت تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەردىكى بىرلەمچى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش بولمىسا ياكى ئۇيغۇر تىلىغا خاس سۆزلەردىكى ئىككىلەمچى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش بولمىسا، كۆپىنچە 70 ملىلى سېكونتتىن 100 ملىلى سېكونت ئەتراپىدىكى ۋاقىت ئىچىدە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ (ئەگەر *r* ۋە *l* تاۋۇشلىرىنىڭ ئالدىدا كەلسە، ئۇنىڭدىن سەل ئۇزۇنراق ۋاقىت ئىچىدە تەلەپپۇز قىلىنىشىمۇ مۇمكىن).

ئەگەر سۆزلەرنىڭ بىرىنچى ئۇچۇق بوغۇمىدا كەلگەن *a* ۋە *ə* تاۋۇشلىرى چەت تىللاردىن كىرگەن سۆزلەردىكى بىرلەمچى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش ياكى ئۇيغۇر تىلىغا خاس بولغان سۆزلەردىكى ئىككىلەمچى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش بولسا ئۇ ھالدا ئايرىم ھالدا 190— 250 ۋە 150 — 200 ملىلى سېكونت ۋاقىت ئىچىدە تەلەپپۇز قىلىنىشى مۇمكىن (بۇ ھەقتە قاراڭ: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى تاۋۇشلىرىنىڭ ئاكۇستىكىلىق تەتقىقاتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. 1992- يىلى نەشرى).

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقى ئىملاسىدا *a*، *ə* تاۋۇشلىرى مەيلى ئۇ ئەسلى ئۇيغۇر تىلىغا خاس سۆزلەردىكى ئىككىلەمچى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلار بولسۇن، مەيلى ئەرەب، پارس تىللىرىدىن كىرگەن سۆزلەردىكى بىرلەمچى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلار بولسۇن، سۆزلەرنىڭ ئۇچۇق

بوغۇملىرىدا ئۆزىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى ساقلاپ ئاجىزلاشمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇيغۇر تىلىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىش قائىدىسىگە بويسۇندۇرۇلماي يېزىلىشى بېكىتىلگەن.

مەلۇم بىر فونېمىلىق رولدا قوللىنىلغان تاۋۇشنىڭ بىر تىلنىڭ قىسقا بىر مەزگىللىك تەرەققىيات باسقۇچىدا قوللىنىلىپ، يەنە بىر تەرەققىيات باسقۇچلىرىدا كۆرۈلمەسلىكى ياكى تاسادىپىي يوقىلىپ كېتىشىنى تىلدىكى فونېمىلارنىڭ تەرەققىياتى نۇقتىسىدىن چۈشەندۈرۈپ بېرىش مۇمكىن ئەمەس. بۇ يەردە مۇھىم ئامىل تىلنىڭ ئادەت كۈچى ۋە ئېھتىياجىدۇر. ئالايلى، ئورقۇن مەڭگۈ تاشلىرىدىكى خاتىرىلەردە قوللىنىلغان، تۈركىي تىللارغا ئومۇمىي بولغان فونېمىلار 1250 يىلدىن كېيىن بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۆز رولىنى ئۆتەپ كېلىۋاتىدۇ. لېكىن، يېقىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىق ئەدەبىي تىلىدا ئەرەب، پارس تىللىرىدىن شۇنچە كۆپ سۆزلەرنىڭ قوبۇل قىلىنغانلىقىغا قارىماي، ئەرەب، پارس تىلىغا خاس بولغان «ث، ح، ذ، ص، ض، ط، ظ، ع» قاتارلىق 8 تاۋۇش ئېھتىياج بولمىغانلىقتىن ئۇيغۇر خەلق جانلىق تىلىغا فونېما سۈپىتىدە ئۆزلەشمىدى ۋە ئاخىر ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس فونېمىلىرى (تاۋۇشلىرى) تەرىپىدىن ئۆزلەشتۈرۈۋېتىلدى.

ھەر قايسى تۈركىي تىللارنىڭ تەرەققىيات باسقۇچلىرى بىر - بىرىگە ئوخشاش ئەمەس. شۇڭا، ئوتتۇرىغا قويۇلۇۋاتقان ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلار مەسىلىسىنى ھەممىلا تۈركىي تىللارغا مۇۋاپىق كېلىدۇ دەپ بايان قىلىۋېرىش توغرا ئەمەس، بەلكىم، تۈركىي تىللارنىڭ يېزىق يادىكارلىقلىرى دەۋرىنىڭ 7- ئەسىرنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتەلمىگەنلىكى سەۋەبىدىن تېخى ئېنىقلاش ئىمكانىيىتى بولمىغان مەلۇم فونېتىكىلىق ھادىسىلەر بىزگە ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش ياكى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش فونېمىسى سۈپىتىدە ھېس قىلىنىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، شۇ نەرسە ئېنىقكى، ئۇيغۇر تىلىدا ئۇلارنىڭ يازما يادىكارلىقلىرىدىكى بەزى ئايرىم، سىستېمىسىز ئىملا ئادەتلىرىگە قاراپ ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش ياكى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش فونېمىلىرى بولغان ۋە مۇنداق تاۋۇشلار ھازىرمۇ مەۋجۇت، دېگەن مەسىلىگە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇنىڭ دىئالېكت ياكى شېۋىلىرىدىن جاۋاب تېپىش مۇمكىن ئەمەس.

شۇڭا، بىز خۇلاسە سۈپىتىدە مەيلى ئەرەب ھەرپلىرى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىدا بولسۇن، مەيلى باشقا سىستېمىدىكى ھەرپلەر قوللىنىلغان ئۇيغۇر يېزىقىدا بولسۇن، ئۇيغۇر تىلىغا ئائىت يادىكارلىقلاردا بەزى سۆزلەردىكى سوزۇق تاۋۇش بەلگىلىرىنىڭ تەكرار يېزىلىشىنى فونېما كۆزدە تۇتۇلمىغان بىر ئىملا ئادىتى ياكى ئەينى دەۋردىكى مەلۇم بىر ئۇيغۇر تىلى شېۋىسىدە چەكلىك سۆزلەردىلا قوللىنىلىدىغان جىددىي سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ (خۇددى بۈگۈنكى كەلپىن شېۋىسىدە سارقىنىدى ھالەتتە قوللىنىلغىنىدەك) ئىملادا ئەكس ئېتىشى دەپ چۈشىنىش لازىملىقىغا مايىللىقىمىزنى بىلدۈرىمىز.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ۋە دىئالېكتلىرىدا ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش فونېمىسى يوقتۇر. بەزى سۆزلەردىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئۇزۇنراق ياكى قىسقىراق تەلەپپۇز قىلىنىشى مەنىگە تەسىر يەتكۈزمەيدۇ.

2009- يىلى 5- ئاينىڭ 31- كۈنى، ئۈرۈمچى

# پايدىلانغان ماتېرىياللار

ئا. م. شېرباك: «شىنجاڭدىن تېپىلغان 10 ــ 13- ئەسىرلەرگە ئائىت يازما يادىكارلىقلارنىڭ گراماتىكىلىق ئۆچېرىكى»، 1961- يىلى، موسكۋا ــ لېنىنگراد.

ج. كلاۋسون: «تۈركىي رونىك يېزىقىنىڭ كېلىپ چىقىشى» («تۈركىي تىللار تەتقىقاتى خەۋەرلىرى» خەنزۇچە. 1992- يىلى ، 3-4 سان.)

م. كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك ــ تۈركىي تىللار دىۋانى». 1981- 1984.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇ بىلىك» نەمەنگان نۇسخا. فاكسىمىل.

م. رەسەنىن: «تۈركىي تىللارنىڭ تارىخىي فونتېكىسىغا دائىر ماتېرىياللار» رۇسچە تەرجىمىسى. 1955- يىل. مۇسكۋا.

لى جىڭۋېي، جىن شاڭيى، يەن شۆپىڭ «قوچو ئۇيغۇر يېزىق يادىكارلىقلىرىنىڭ تىلى ئۈستىدە تەتقىقات» خەنزۇچە، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى. 2003- يىل.

ئورقۇن مەڭگۈ تاشلىرى

جەۋەل قايا: «ئالتۇن ياروق» ترانسكرىپسىيەلىك تېكىستى ۋە ئىندېكسى 1944- يىل. ئەنقەرە.

ۋ. باڭ، «سەككىز يۈكمەك سۈترا» ترانسكرىپسىيەلىك تېكىستى ۋە ئىندېكسى 1934- يىل، بېرلىن.

ل. يو. تۇگۇشېۋا: «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» 5- بۆلۈم، رۇسچە، 1991- يىلى، مۇسكۋا.

ۋون گابىن: «قەدىمكى تۈركىي تىل گراماتىكىسى» تۈركچە تەرجىمىسى

ۋون لېكوك: «خۇاست نەھۇفت» س. ھېمران تەرجىمىسى، تۈركچە، 1941- يىل، ئەنقەرە.

ئىسرايىل يۈسۈپ، قېيۇم خوجا. دولقۇن قەمبەرىيلەر نەشرگە تەييارلىغان «مايترى سىمىت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 يىل نەشرى.

ت. تېكىن: «تۈرك تىللىرىدا بىرلەمچى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلار» 1995- يىلى، ئەنقەرە.

ك. گرونبېك: «قىسسە»، 1948- يىلى، كوپېنھاگىن.

خەمىت تۆمۈر، تۇرسۇن ئايۇپ «ئەتەبەتۇل - ھەقايىق» بېيجىڭ.

م. ئوسمانوف: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى» 1991- يىلى، ئۈرۈمچى.



# «شەرھى خاراباتى» ھەققىدە دەسلەپكى مۇلاھىزە

نۇرمەتجان فىكرەت

2002 ــ 2004 ـ يىللاردا تاشكەنتتە خاراباتىينىڭ ئەدەبىي مىراسى ئۈستىدە ئىزدىنىش، جۈملىدىن «مەسنەۋىي خاراباتىي»نىڭ قوليازمىلىرىنى كۆرۈش ۋە تەتقىق قىلىش جەريانىدا، شۇ قوليازمىلار ئارىسىدا خاراباتىي ئەدەبىي مىراسىنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتىمۇ قىممەتلىك مەنبەلەردىن بىرى بولغان 5938 نومۇرلۇق قوليازما نۇسخىسى دىققىتىمنى ئالاھىدە تارتقانىدى. سەۋەبى، بۇ قوليازما خاراباتىينىڭ «مەسنەۋىيى خاراباتىي» ئەسىرىنىڭ مىسرالىرى بىلەن ئەمەس، بەلكى باشقا بىر نەسرىي ئەسەر بىلەن باشلانغانىدى.

5938 نومۇرلۇق بۇ قوليازما ھىجرىيە 1304 ــ 1305 (مىلادىيە 1906 ــ 1907) ـ يىللاردا كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، خەتلىرى ناھايىتىمۇ ئېنىق ۋە چىرايلىق، قوليازمىنىڭ ئۆزىمۇ ياخشى ساقلانغان. «مەسنەۋىي خاراباتىي»غا بۇ نۇسخىدىمۇ ئۇنىڭ باشقا قوليازما نۇسخىلىرىغا ئوخشاشلا ئەسەر نامى ئالاھىدە يېزىلمىغان، پەقەت قارا سىياھ بىلەن «تۈركى خارابات» دەپ يېزىلغان. شۇ نامنىڭ ئاستى تەرىپىگە بۇ قوليازمىنى رەتلەپ كاتولوگ ئىشلىگەنلەر تەرىپىدىن ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەسەرلەرنىڭ ناملىرى سۈپىتىدە تۆۋەندىكىلەر يېزىپ قويۇلغان:

(1) رىسالەئى دەر ھەقىقەتى فەقىر

(2) مەسنەۋىيى خاراباتىي

قوليازمىلارنى تۈپلەشتە بىرنەچچە ئەسەر بىرگە تۈپلىنىپ قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. بۇنىڭ ھەيران قالغۇچىلىكى يوق. شۇنداقتىمۇ مەندە نېمىشقا «مەسنەۋىي خاراباتىي»نىڭ قوليازمىسىنىڭ بېشىغا بۇ نەسرىي ئەسەر كۆچۈرۈلۈپ قالغاندۇ؟ دېگەن سوئال تۇغۇلدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن قوليازمىنىڭ باش قىسمىدىكى نەسرىي ئەسەرنى ئوقۇشقا كىرىشتىم. ئوقۇپ بارغانسېرى بۇ ئەسەرنىڭ تەسەۋۋۇپتىكى «فەقر، رىزا» چۈشەنچىلىرىنىڭ مەنىلىرىنى ئىزاھلاش مەقسەت قىلىنغان شەرھى تۈرىدىكى ئەسەر ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. ئەسەرنىڭ بىرىنچى جۈملىسى ئەرەبچە بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن تۆۋەندىكىچە باشلىنىدۇ:

«ئەمما ئىشقۇ مۇھەببەت ھەمدى فەقىرلىق بىرلە سابىتدۇر ۋە مۇۋاپىق ۋە لايىقتۇرۇر. ئانىڭ ئۈچۈنكىم ئۇل شاھى ئاشىقان ۋە خاجەئى ھەر دۇ جەھان ۋە سەييىدى ئىنسۇ جان، ئىككى ئالەمنىڭ سەرۋەرى ۋە ئەھلى ئەسھابنىڭ پەردەدەرى ۋە كۈللى مەۋجۇداتنىڭ جەۋھەرى ۋە مەئنى بەھرىنىڭ گەۋھەرى، ئىززەت ئەھلىنىڭ ئەفسەرى ئەئنى ھەزرەتى مۇھەممەد مۇستەفا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دەپدۇركى: «الفقر فخرى» (ئەل فەقرۇ فەخرى ــ فەقىرلىق مېنىڭ فەخرىمدۇر)، يەئنى مەن ھېچ نەرسىگە ناز قىلمايدۇرمەن، مەگەر فەقىرلىققە خۇشنۇدتۇرۇرمەن، دېدىلەر. مۇندىن مەئلۇم ۋە مەفھۇمدۇركىم، فەقىرلىقدىن بەلەند ۋە ئالىي دەرەجە بولماغاي①.

شۇلاردىن كېيىن «فقر»دىكى «ف»، «ق»، «ر» ھەرپلىرىنىڭ مەنىلىرى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا بىر نەچچە بۆلەكلەرگە ئاجرىتىلىپ (بىرلا «ف» ھەرپى «فەرد، فانىي، فاقە، فىكر» مەنالىرىنى مۇجەسسەملەشتۇرگەن دەپ خېلى كەڭ ئىزاھلانغان) تەپسىلىي شەرھلىنىدۇ.

قىزىقارلىق يېرى شۇكى، بۇ شەرھلەر ئارىسىدا مىسال تەرىقىسىدە كەلتۈرۈلگەن شېئىرلارنىڭ ھەممىسى خەراباتىينىڭ مەسنەۋىيلىرىدىن بولۇپ، بىر قارىماققا خۇددى خەراباتىي ئەسىرىنىڭ شەرھىگە ئوخشاپ كېتەتتى. مەندە ئىختىيارسىز ھالدا «بۇ خەراباتىي ئۆزى يازغان شەرھىمىدۇ ياكى باشقىلار تەرىپىدىن خەراباتىي ئەسىرىگە يېزىلغان شەرھىمىدۇ؟» دېگەن سوئال تۇغۇلدى.

17 ـــ 18 ـ ئەسىرلەردە ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان شائىر خەراباتىي ئۇيغۇر تەسەۋۋۇپ شېئىرىيىتىنىڭ يىرىك نامايەندىسى بولۇپ، بىزگە ئۇنىڭ ھىجرىيە 1146 ـ يىلى (مىلادىيە 1733 ـ يىلى) يېزىلغان «مەسنەۋىي خەراباتىي» ناملىق تەسەۋۋۇپىي ـ ئەخلاقىي مەزمۇندىكى چوڭ ھەجىملىك شېئىرىي ئەسىرى يېتىپ كەلگەن. بۇ ئەسەر شەرقنىڭ بۈيۈك شائىرى مەۋلانا جەلالىددىن رۇمىينىڭ «مەسنەۋىي»سىنىڭ تەسىرىدە بارلىققا كەلگەن بولۇپ، خۇددى ئەلىشىر نەۋائىي ئۆمۈر بويى فەرىدىددىن ئەتتارنىڭ «مەنتىقۇت ـ تەير»ىنىڭ تەسىرى ئاستىدا ياشىغىنىغا ئوخشاش، خەراباتىيمۇ ئۆمۈر بويى جەلالىددىن رۇمىينىڭ «مەسنەۋىي»سىنىڭ تەسىرىدە ياشىغان ۋە شۇ ئەسەردىكى تەپەككۇر دۇردانىلىرىدىن ئۆز خەلقىنى بەھرىمەن قىلىش ئۈچۈن، قولىغا قەلەم ئېلىپ ئىجادىيەتكە كىرىشكەنىدى. ھەتتا شائىر ئۆزىنى رۇمىينىڭ «مەنىۋىي پەرزەنتى» ھېسابلاپ، ئەسىرىگە «مەسنەۋىيى مەۋلانا خەراباتىي فەرزەندى مەۋلانايى رۇمىي»① دەپ نام قويغان ھەمدە ئەسىرىنى «مەسنەۋىي»نىڭ رۇمىي ئۆز قولى بىلەن يازغان دەسلەپكى 18 بېيىتىنىڭ تەرجىمىسى بىلەن باشلىغان، «مەسنەۋىي»نى تەرىپلەپ:

«مەسنەۋىي» ئايىنەئى ئەنۋارى دىل،
«مەسنەۋىي»گەنجىنەئى ئەسرارى دىل.

«مەسنەۋىي» دەردى نىھانلارغە دەۋا،
«مەسنەۋىي» ناسۇرى جانلارغە شىفا.

«مەسنەۋىي»كىم بادەئى ۋەھدەت ئېرۇر،
لەززەتى ھەم ئىشرەتى رەھمەت ئېرۇر②.

دېگەنگە ئوخشاش ئاجايىپ مەدھىيىلەرنى يېزىپ، ئاندىن ئاساسىي مەزمۇنغا ئۆتكەنىدى. بۇ ھەقتە ئالدىنقى تەتقىقاتلىرىمدا③ مەخسۇس توختالغان بولغاچقا بۇ يەردە قايتىلىمىدىم.

بۇ ماقالىدە مەن يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن 5938 نومۇرلۇق قوليازمىنىڭ بېشىدىكى ئاشۇ شەرھى ھەققىدە مېنى ئىزچىل ئويلاندۇرۇپ كېلىۋاتقان مەسىلە ھەققىدىكى دەسلەپكى مۇلاھىزەمنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن. ئالدى بىلەن ئەنە شۇ شەرھلەردىن بەزىلىرىنى كۆرۈپ ئۆتسەك:

«ئەي بەرادەر بىلگىلكى ۋە ئاگاھ بولغىلكى، لەفزى فەقر ئۈچ ھەرفدۇر. ھەر كىشىكىم بۇ ھەرفلەرگە ئەمەل قىلسا، فەقرلىقدە سابىت قەدەم بولۇر. فەقرلىق دەرەجەلەرىنى ئۈچ قىسىم دەرلەر: ئەئلا، ئەۋسەت ۋە ئەدنا بىلمەك لازىمدۇر. ئىززەت ۋە ھۆرمەت خەزىنەسىنىڭ كەلىدى ئۈچدۇر، تا كەلىدسىز ئېشىكلەر ئاچىلماس. يەئنى فەرد ئانىڭ ئۈچۈنكىم (شۇ قۇرنىڭ يېنىغا، ھاشىيەگە «فەقىرنىڭ ئەۋۋەلقى مەئنى فەرددۇر» دەپ ئالاھىدە يېزىپ قويۇلغان. كېيىنكى مەنىلەرنىڭ يېنىغىمۇ قايسى ھەرپنىڭ نەچچىنچى مەنىسى ئىكەنلىكى يېزىپ قويۇلغان)، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسەلام ئايتىبدۇر: «(ئەللاھ فەردەن يۇھىببۇل ـ

فەرد)، يەنى خۇدايى تائالا تاقدۇر ۋە تاقنى دوست تۇتادۇر» ۋە ھەممەدىن شەرت ئۇشبۇدۇر. فەرد ئولماغان مەرد ئولماس. يەنى ئەۋۋەلقى شەرت فەرد بولماق ئىدى. ئىككىنچى شەرت ئۆزىنى فاني قىلماقدۇر، ھەممەدىن تا فاني بولماسدىن ئىلگەرى. چۇنانچى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسەلام ئايتىبدۇرلەركى: «تموتو مۇتۇ قەبلە ئەنتە مۇتۇ، يەنى نەفسىڭلارنى ئۆلتۈرۈڭلار ئۆلمەسدىن بۇرۇن.»

ئۈچىنچى شەرت[1] فاقە ... يەنى ھەر ئاشىقكى باردۇر، ئانىڭ ياخشى تەئامى ۋە شەرابى ئاچلىك ۋە تەشنەلىكدۇر. فەقرنىڭ تۆرتىنچى شەرتى فىكر قىلماقلىكدۇر ۋە باتىل تەرەفىدەن تانىب ھەق تەرەفىگە دىلنى ئۆيرىماقدۇر. ئەمما، فىكىر ئۈچ قىسمدۇر. ئەۋۋەل فىكرى نىئمەت، ئىككىنچى فىكرى قۇدرەت، ئۈچىنچى فىكرى ئاخىرەتدۇر»[2].

بۇ ئۈچ قىسىم پىكىر تەپسىلىي ئىزاھلىنىپ، بېيىتلەر مىسال كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، «فقر» سۆزىدىكى «ق» (قاف) ھەرپىنىڭ مەنىلىرىنى شەرھلەشكە ئۆتىدۇ. «ئەي ئەزىز بىلگىلكىم، مەئنى قاف قىيام ۋە قەئد ۋە قەدەم ۋە قەتئ ۋە قۇربەت ۋە قەنائەتدۇر»[3].

شۇ تەرىقىدە «قاف»نىڭ مەنىلىرى بەش نۇقتا بويىچە ئىزاھلىنىپ، بايان قىلىنىدۇ، ئاندىن «فقر» دىكى «ر» (رە)نىڭ مەنىسىگە ئۆتىدۇ ۋە «ر»نىڭ مەنىلىرى «رىيازەت، رىزا، رەھبەر، راھ، رەنج» سۆزلىرىنىڭ ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەنلىكى چۈشەندۈرۈلىدۇ[4].

قىسقىسى، 60 بەتتىن ئارتۇق سەھىپە مانا شۇ بىرلا «فقر» مەقامىنى شەرھلەشكە ئاجرىتىلغان.

شەرھى ئەسەرنىڭ ئاخىرىدىكى كاتىپ تەرىپىدىن يېزىلغان تۆۋەندىكى مەلۇمات مەندە پەيدا بولغان گۇمانىي قاراشنىڭ توغرا بولۇپ چىققانلىقىنى دەلىللىگەندە، مەن دەسلەپكى پەرىزىمنىڭ ھەقىقەتەن توغرا ئىكەنلىكىگە ئەمىن بولدۇم. شەرھلەر توگەپ، كەلتۈرۈلگەن «قۇرئان» قىسىملىرى تامام بولغاندىن كېيىن تۆۋەندىكىلەر يېزىلغانىدى: (1305 ـ يىلى شەرھى خەرابات تامام بولدى.)

دېمەك، بۇ «شەرھى خەرابات» نامىلىق ئەسەر بولۇپ، ھىجرىيە 1305 ـ يىلى (مىلادىيە 1907 ـ يىلى) تاماملانغان (شۇ يىلى كۆچۈرۈلگەن ياكى يېزىلغانلىقى ئېنىق ئەمەس.) ئەسەرنى رەتلەپ، كاتولوگ تۈرغۈزغۇچى بولسا بۇ مەلۇماتنى كۆرمەستىن، بېشىدىكى بىرنەچچە ۋاراقنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن «رىسالەئى دەر فەقر» دەپ نام بەرگەن. ئەمەلىيەتتە بولسا، بۇ «شەرھى خەرابات» دەپ ناملانغان تەسەۋۋۇپتىكى فەقر، رىزا مەقاملىرىنىڭ ھەربىر ھەرپلىرى ئۆز ئىچىگە ئالغان يوشۇرۇن مەنالارنى شەرھلەش ئاساسىي مەقسەت قىلىنغان شەرھى خاراكتېرىدىكى ئەسەر ئىدى.

«شەرھى خەرابات»تىكى شەرھلەر ئارىسىدا بىز يەنە خەراباتىينىڭ نەقشبەندىيە تەرىقىتىگە مۇناسىۋىتى، باشقىچە ئېيتقاندا شائىرنىڭ نەقشبەندىيە شەيخلىرىدىن بىرى بولۇشى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەسلىكىنى تەستىقلايدىغان مىسرالارنىمۇ ئۇچرىتىمىز.

كەل، ئەي سادق، كىرىپ بۇ يولغە ھەر دەم،
دېگىل مەنزىلگە يەتسەم خەير مەقدەم.

يۈرۈپ ھەر بىر قەدەم سالغىل نەزەرنى،
ئانىڭ سۇنلەرىنى كۆزگە قىل زەم.

نەزەرنى دەر قەدەم تۇتقىل ھەمىشە،
سەفەر قىل دەر ۋەتەن ھۇشۇڭنى دەر دەم.

تۇشسە گەر بەلا كېلىپ باشىڭگە،
قاچۇرماي باشىنىۇ قىل گەردەنىڭنى خەم .

بەلا ئوقى ياغىندەك ياغسە سەبر ئەت،
كۆرەرسەن دوست دىيدارىنى ئۇل دەم.

بەلا بولمىش مۇيەسسەر ھەر كىشىگە،
بىرەۋنى تەڭرى قىلماس ئۆزگە مەھرەم.

قەدەم بۇ يولغە قويغان بىرلە يەتمەس،
كىشى تا بولمايىن شىبلىيۇ ئەدھەم.

خەراباتا، قىلسەڭ [ئۇمىدى] لىقانى①،
بۇ يولدە قىلماغىل نەفسىڭنى ھەمدەم②.

نەقشىبەندىيەنىڭ ئاساسىي ئەخلاقىي تەلەپلىرىدىن بولغان «كەم يېمەك، كەم ئۇخلىماق، كەم سۆزلىمەك»نىڭ خەراباتىي ئەسىرىدە ئايرىم ـ ئايرىم پەسىللەر بويىچە بايان قىلىنىشى ۋە يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكەن مىسرالاردىكى كەسىپ ـ ھۈنەر ئىگىلەش، ھالال ياشاش تەشەببۇسلىرىدىن بىز خەراباتىينىڭ نەقشىبەندىيە تەرىقىتىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنىلا ئەمەس، بەلكى تەرىقەتنىڭ ئەسلىي مەقسەت ۋە غايىلىرى، تەشەببۇسلىرىنى توغرا يەتكۈزۈش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن «شەيخى زەمان» (شائىرنىڭ سۆزى)لاردىن بىرى بولغانلىقىنىمۇ ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەسلىكىنى قىياس قىلالايمىز.

قوليازمىنىڭ باش قىسمىدىكى «شەرھى خەرابات» تامام بولۇپ، يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكەن مەلۇمات قەيت قىلىنغاندىن كېيىن، يەنى قوليازمىنىڭ [64A] ۋارىقىدىن باشلاپ،

ئايىتايىن ھەمدىڭنى ئەي يەزدانى پاك،
ئىچتىلەر خۇنى جىگەر مەردانى پاك.

دېگەن بېيىت بىلەن باشلىنىدىغان تاشباسما نۇسخىلاردىكى «مەسنەۋىي خەراباتىي» كۆچۈرۈلگەن.

«شەرھى خەرابات» نامى بىلەن «مەسنەۋىي خەراباتىي»نىڭ قولىيازما نۇسخىلىرىدىن بىرىنىڭ باش تەرىپىگە بىرگە كۆچۈرۈلگەن ئۇشبۇ شەرھىنى شائىر خەراباتىي «مەسنەۋىي خەراباتىي» ئەسىرىدە شېئىرىي يول بىلەن بايان قىلغان. تەسەۋۋۇپ چۈشەنچىلىرى، تەرىقەت مەقاملىرىنى يەنىمۇ كەڭرەك چۈشەندۈرۈش، بايان قىلىش زۆرۈرىيىتى بىلەن «شەرھى خەرابات» دەپ ئىسىم قويۇپ يازغان شەرھى (بۇ خىل ئېھتىماللىقنىمۇ يوق دېگىلى بولمايدۇ) بولسا كېيىنكىلەر ئۇنىڭ «مەسنەۋىي خەراباتىي» ئەسىرى بىلەن بىرگە كۆچۈرگەنمۇ ياكى باشقىلار تەرىپىدىن شائىرنىڭ «مەسنەۋىي خەراباتىي» ئەسىرىگە يېزىلغان شەرھىمۇ (شۇنداقىمىكىن دەيلى دېسەك، سوپى ئاللايارنىڭ «سەباتىل ئاجىزىن» شەرھلىرىگە ئوخشاش بېيىتمۇ بېيىت شەرھلەنمىگەن)، بۇنىسى ھازىرچە بىزگە نامەلۇم. بۇنىڭغا كېيىنكى تەتقىقاتلار ئېنىقلىق كىرگۈزۈشى مۇمكىن. بىز بۇ يەردە پەقەت تەتقىقاتىمىز جەريانىدا ئۇچراتقان مەزكۇر «شەرھى خەرابات» ھەققىدە ئۇچۇر بېرىش ۋە دەسلەپكى مۇلاھىزىلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن كۇپايىلەندۇق.

(ئاپتور شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا)

# «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ تارىختىكى رەتلىنىش ئەھۋالى

تۇرسۇن ساۋۇت ئۇدمىش.

مۇقاملار مارشىمىز، مۇقاملار بايراق<br>
ئۇيغۇرنىڭ مۇقامى جاھاندا ياڭراق.

—— ئا. تەكلىماكانى

## مۇقەددىمە

ھەممىگە ئايانكى، تارىختىكى ھەرقانداق بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇ خىل مەدەنىيەت ھادىسىسىنىڭ بىخلىنىش، شەكىللىنىش، تەرەققىي قىلىش ۋە مۇكەممەللىشىش باسقۇچلىرىنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرۈپ، ئاندىن كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتالايدىغان ئالاھىدە بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى بولغانلىقىنى ئوڭايلا بايقاپ يېتىمىز. شۇ جۈملىدىن «يىپەك يولىدىكى مەرۋايىت»، «شەرق مۇزىكا مەدەنىيىتىدىكى مۆجىزە»، «ئىنسانىيەتنىڭ ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى» قاتارلىق شەرەپلەرگە نائىل بولۇپ، جۇڭخۇا مەدەنىيەت خەزىنىسىدىن، ھەتتا ئىنسانىيەت مەدەنىيەت خەزىنىسىنىڭ ھۆرمەت تۆرىدىن ئورۇن ئېلىشقا مۇيەسسەر بولغان «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى»مۇ بىر خىل ئالاھىدە مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇپ، ئۆزىنىڭ 1000 ــ 1500 يىللىق تارىخي تەرەققىيات مۇساپىسىنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. بۇ قارىشىمىزنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە تۆۋەندىكى يازما بايانلارغا مۇراجىئەت قىلىش تولىمۇ زۆرۈر. بۇ ھەقتە تۆمۈر داۋامەت «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» ناملىق نوپۇزلۇق كىتابىنىڭ كىرىش سۆزىدە: «ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ تارىخى ئۇزۇن... مۇقاملارنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلغان ‹چوڭ نەغمە›، قەدىمكى چاغلاردا ‹بۈيۈك كۈي› (داچۈي 大曲) دەپ ئاتالغانىدى. مىلادىيە 4 ـ ئەسىردە ‹بۈيۈك كۈيلەر›دىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئاۋۋال ‹قۇمۇل بۈيۈك كۈيى›، ئۇنىڭدىن كېيىن كۇچا، قوچۇ، قەشقەر، خوتەن كۈيلىرى تارقالغانىدى. ‹ۋېينامە . لۈي گۇاڭ ھەققىدە›، ‹سۈينامە . مۇزىكا تەزكىرىسى›دە قەيت قىلىنىشىچە، مۇقاملارنىڭ دەسلەپكى كۈي ـ سۇتۇقلىرى ــ ‹بۈيۈك كۈيلەر› مىلادىيە 6 ـ ئەسىردىن ئىلگىرىلا مۇنتىزىم كۈيلەر سىستېمىسى بولۇپ شەكىللىنىپ بولغانىكەن. 6 ـ ئەسىردىن 10 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا ھەر جاي، ھەر ماكاندا خەلق ئىچىدە تارقالغان مۇقام كۈيلىرى تېخىمۇ راۋاجلىنىپ، بىر ـ بىرىگە سىڭىشكە باشلىغان. 12 ـ ئەسىردىن كېيىن ‹بۈيۈك كۈي› دېگەن نام بارا ـ

بارا «مۇقام، دېگەن ئەرەبچە نام بىلەن ئالماشقان»① دېگەن قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتكەن.

دېمەك، «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» ئۆزىنىڭ ئون نەچچە ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا بىخلىنىش، شەكىللىنىش، تەرەققىي قىلىش ۋە مۇكەممەللىشىش باسقۇچلىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، بىر پۈتۈن مۇقام سىستېمىسى بولۇپ شەكىللەندى. بۇ جەرياندا مۇقاملار داڭلىق بەستىكار، داپەندە، ناخشىچى، چالغۇچى، شائىر، ئۇسسۇلچى، ئالىملار تەرىپىدىن خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقىتىلدى ۋە شاگىرتلارغا ئۆگىتىلدى، قايتا - قايتا رەتلىنىپ بىزنىڭ زامانىمىزغا يېتىپ كەلدى. شۇڭا، مۇقامچىلىقتا بۇ ھەقتىمۇ ئىزدىنىش، پىكىر قىلىش تولىمۇ مۇھىم، ئەلۋەتتە.

ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقام»ى تارىختا تۆۋەندىكىدەك رەتلىنىش، سىستېمىلىشىش باسقۇچلىرىنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن.

### بىرىنچى، مۇقامنىڭ يەكەن خانلىقى دەۋرىدىكى رەتلىنىش ئەھۋالى

«يەكەن خانلىقى ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئالتۇن قەسىرلىرى خاراب توپىسىغا ئايلىنىپ تۈگىدى. ئەمما، ئۇنىڭ مەنىۋى يادىكارلىقى — ئۇيغۇر كلاسسىك ئون ئىككى مۇقامى ئەسىرلەر قوينىدا مەڭگۈ قالدى».②

«يەكەن خانلىقى دەۋرى (1514 — 1679) شىنجاڭ تارىخىدا ئىقتىساد، مەدەنىيەت قايتا گۈللەنگەن، تىنچلىق، مۇقىملىق ئورنىتىلغان بىر ئاسايىشلىق دەۋر. سۇلتان سەئىدخان (1486 — 1533) ۋە ئۇنىڭ قابىل ۋارىسلىرىدىن بولغان ئابدۇرەشىدخان (1510 — 1560)، ئابدۇكېرىمخان (1528 — 1591)، ئابدۇللاخان (1627 — 1665 - يىللار تەختتە ئولتۇرغان) قاتارلىقلار ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن مەرىپەتپەرۋەر، دانا، قابىل خانلاردىن سانىلاتتى. ئۇلار ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت ۋە سەنئەتكە تولىمۇ ئەھمىيەت بېرەتتى. بىلىم ئىگىلىرىنى قەدىرلەيتتى، شۇڭا يەكەن خانلىقىنىڭ ئالدىنقى ۋە ئوتتۇرا مەزگىللىرىدە نۇرغۇنلىغان ئالىملار، شائىرلار، تارىخشۇناسلار، مۇغەننىيلەر يېتىشىپ چىقىپ خەلقىمىزگە مول مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قالدۇرۇپ كەتتى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ‹ئون ئىككى مۇقامى›نى رەتلەش ۋە بېكىتىش يەكەن خانلىقىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئەڭ زور نەتىجىسىدۇر.»③

تارىخىي كىتابلاردىكى بايانلارغا قارىغاندا، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان قابىلىيەتلىك خان ئىدى. ئۇ ئاجايىپ سىياسىي، ھەربىي تالانتقا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى شۇ چاغدىكى مەشھۇر مۇزىكانت، خەتتات ۋە شائىر ئىدى. «خۇسۇسەن روھنى كۆتۈرگۈچى سازنى شۇ قەدەر ماھىرلىق بىلەن چالدۇكى، ئۇنىڭ ئالدىدا زۆھرە يۇلتۇزى نەغمىسىز، خۇشناۋا بۇلبۇل ناۋاسىز بولۇپ قالۇر... ھەممە ھۈنەر ۋە ئىختىرا قىلىشتا قولى ماھىر ئىدى.»④ يەكەن خانلىقى دەۋرىدىكى مەشھۇر تارىخشۇناس مەھمۇد چۇراسنىڭ «تەۋارىخ» ناملىق ئەسىرىدە خاتىرىلىنىشىچە: «ئابدۇرەشىدخان ھەربىر ئىشتا تەڭدىشى يوق ئىدى. ئىلمى مۇسىقىي (مۇزىكا)دا ماھىر ئىدى. بەلكى مۇسەننىف (ئىجادكار) ئىدى.»⑤ ئۇيغۇر يېقىنقى

---

① تۇمۇر داۋامەت: «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى»نىڭ كىرىش سۆزى، جۇڭگو قامۇس نەشرىياتى 1997 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 1 -، 3 - بەتلەر.
② ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەدئىمىن: «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1997 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 230 - بەت.
③ ۋېي لياڭتاۋ: «يەكەن خانلىقىنىڭ تارىخىدىن ئومۇمىي بايان»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 291 - بەت.
④ مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان: «تارىخى رەشىدىي»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2007 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 - توم 314 -، 315 - بەتلەر.
⑤ «تەۋارىخ»، شافىگراپ نۇسخا 74 - بەت.

زامان تارىخىدا ئۆتكەن مەشھۇر تارىخ ئالىمى موللا مۇسا سايرامى (1836 ـــ 1917)نىڭ «تارىخى ئەمىنىيە»سىدە: «ئابدۇرەشىدخان... مۇزىكا ئىلمىدە ئىككىنچى فىساغورس (پىفاگور ـــ ئاپتور) ئىدى»① دېگەن مەلۇماتنى بەرگەن.

ئابدۇرەشىدخان مەدەنىيەتلىك، بىلىملىك خان بولغىنى ئۈچۈن بازىس بىلەن ئۈستقۇرۇلما مۇناسىۋىتىدىكى جەمئىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن بىر ـ بىرىگە تۈرتكە بولىدىغان تاناسىپلىقنى ئوبدان چۈشىنەتتى. شۇڭا، ئۇ يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، سودا سېتىقنا قانداق كۆڭۈل بۆلۈپ تەدبىر قوللانسا، مەدەنىي ـ مائارىپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتكىمۇ شۇنداق كۆڭۈل بۆلەتتى. نەتىجىدە ئابدۇرەشىدخان دەۋرىدە يەكەن خانلىقى تارىخىدا بىرقەدەر نىسپىي تىنچلىق ۋەزىيىتى ئورنىتىلغان. جەمئىيەت تەرەققىي قىلغان، مەدەنىيەت گۈللەنگەن «ئالتۇن دەۋر» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئالاھىدە مۇزىكا ئىقتىدارى ۋە پەۋقۇلئاددە سالاھىيىتى بولغاچقا، ئوردىغا ئەينى دەۋردىكى قىدىرخان، ئامانىيساخانغا ئوخشاش داڭلىق مۇقامشۇناسلارنى توپلاپ مۇقاملارنى رەتلەش ۋە يۇرۇشلەشتۈرۈش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى ساقلاپ قېلىشتا زور تۆھپە قوشتى.

يەكەن خانلىقى دەۋرىدىكى بەستىكار، مۇغەننىيلەر ھەققىدىكى بايانلار خوتەنلىك شائىر ۋە مۇزىكاشۇناس موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نېمەتۇللا (تەخەللۇسى: «مۇئجىزى») 1854 ـــ 1855 ـ يىللىرى يازغان «تەۋارىخى مۇسىقىييۇن»دا خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇ 16 ـ ئەسىردىكى مۇقام ئۇستىلىرى ۋە ئىسلاھاتچىلىرىدىن قېدىرخان بىلەن ئامانىيساخان ئۈستىدە تەپسىلىي توختىلىپ، ئۇلار توغرىسىدا تۇنجى بولۇپ مەلۇمات بەرگەن كىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«تەۋارىخى مۇسىقىييۇن»دىكى بايانلارغا قارىغاندا، مەلىكە ئامانىيساخان (1523 ـــ 1557) ئەسلىدە نامرات ئائىلىدە چوڭ بولغان. ئۇ كىچىكىدىن شېئىرىيەت، ھۆسنىخەت ۋە ساتار چېلىشقا خۇشتار بولغان، كېيىنچە «دىۋان نەفىسى» دېگەن شېئىرىي توپلامنى ۋە مۇزىكا ھەققىدە «شۇرۇھۇل قۇلۇب» (قەلبلەر شەرھلىرى) ناملىق بىر رىسالە يېزىپ، «ئىشرەت ئەنگىز» (شادلىق قوزغىغۇچى) ناملىق بىر مۇقامنى ئىجاد قىلىپ، سەنئەتتىكى تالانتى بىلەن كۆزگە كۆرۈنگەن.»② ئۇ ئابدۇرەشىدخاننىڭ خانىشى بولۇپ ئوردىغا كىرگەندىن كېيىن مۇزىكا ئۇستىلىرىنى يىغدۇرغان. مەشھۇر مۇقامشۇناس، سازەندە قېدىرخاننىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئۇيغۇر مۇقاملىرى، داستانلىرى، مەشرەپلىرى بىر قېتىم رەتلەنگەن، قېلىپلاشتۇرۇلغان ۋە يۇرۇشلەشتۈرۈلگەن.

«تەۋارىخى مۇسىقىييۇن»دا بايان قىلىنىشىچە، قېدىرخان (؟ ـ 1562) شۇ چاغدىكى خۇش ئاۋازلىق مۇزىكانت ۋە پېشقەدەم شائىر بولۇپ، ئۇ «دىۋان قېدىر» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنىڭ ئاپتورى، «ۋىسال» ناملىق بىر مۇقامنىڭ ئىجاد قىلغۇچىسى، ئىران، ئىراق، كەشمىر، بەلخ، خارەزم، ئىستانبۇل قاتارلىق يىراق شەھەرلەردىن كەلگەن شاگىرتلارغا مۇزىكا ھەققىدە مەخسۇس تەلىم بەرگەن مەشھۇر بەستىكار③. قېدىرخان ئامانىيساخاننىڭ تەشەببۇسى بىلەن «ئون ئىككى مۇقام»نى رەتلەشتە، ئۇنىڭ تېكىستلىرىنى قايتىدىن ئىسلاھ قىلىشقا ئاساسلىق خىزمەت كۆرسەتكەن. قېدىرخان نەۋائىيغا ئىخلاس

---

① موللا مۇسا سايرامى: «تارىخى ئەمىنىيە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1989 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 18 ـ بەت.

② مۇئجىزى: «تەۋارىخى مۇسىقىييۇن»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1982 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 67 ـ بەت.

③ مۇئجىزى: «تەۋارىخى مۇسىقىييۇن»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1982 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 58 ـ 59 ـ بەتلەرگە قارالسۇن.

قىلىدىغان شائىر ئىدى. شۇڭا، كۆپلىگەن مۇقام تېكىستلىرىگە نەۋائىينىڭ لىرىك شېئىرلىرىنى كىرگۈزگەن.

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان، ئامانىنىساخان ۋە ئەينى دەۋردىكى مۇقامشۇناسلاردىن قىدىرخان قاتارلىقلارنىڭ تەشەببۇسى ۋە غەيرىتى بىلەن جاي - جايلاردىن كۆپلىگەن ئەلنەغمىچىلەر، مۇقامشۇناسلار جەلپ قىلىنىپ، مۇقاملارنىڭ ھەر خىل نۇسخىلىرى كەڭ كۆلەمدە توپلانغان، «بەش تونىكا، يەتتە ئاھاڭ» ۋە «ئون ئىككى پەللە» قائىدىسى بويىچە ئىنچىكە تەتقىق قىلىنىپ سىستېمىلاشتۇرۇلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ ھازىرقى ئۆرنىكى شەكىللەنگەن. بۇ ئۆرنەك راك، چەببىيات، سىگاھ، چەھارگاھ، پەنجىگاھ، ئۆزھال، ئەجەم، ئۇششاق، بايات، نەۋا، مۇشاۋىرەك، ئىراقلاردىن ئىبارەت①.

قىدىرخان ۋە ئامانىنىساخاننىڭ مۇقامنى رەتلىشى، ئەمەلىيەتتە بىر قېتىملىق دادىللىق بىلەن قىلىنغان مۇقاملارنى توپلاش، رەتلەش، يىغىنچاقلاش، يارىتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش بولۇپ، يېڭىدىن رەتلەش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش ئارقىلىق بۇ كلاسسىك مۇزىكىغا ھەقىقىي جان كىرگۈزگەن.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدا مۇقام ئىزچىل تۈردە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇرمۇش پائالىيىتىگە جور بولۇپ كەلدى. مەيلى قايسى تارىخىي دەۋردە بولسۇن، مۇقام ساداسى بىپايان يېزا - سەھرا ۋە كوچىدىكى بازار - شەھەرلەرنى قاپلاپ، ئەمگەكچان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مول ھوسۇل ئالغان چاغدىكى شادلىقىنى، زۇلمەت ئىچىدىكى بورۇقتۇرمىلىق كەيپىياتىنى، گۈزەل كېلەچەككە بولغان ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى ئىزھار قىلىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇش تۈۋرۈكى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ قىممىتى ھازىر مۇزىكا ساھەسىدىن ھالقىپ، تارىخىي، ئەدەبىي، ئېستېتىك ھوزۇرلىنىش ۋە ئىلمىي قىممەتكە ئىگە بەدىئىي قامۇس بولۇپ قالدى②.

## ئىككىنچى، مۇقامنىڭ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى رەتلىنىش ئەھۋالى

ئىشەنچلىك مەلۇماتلارغا قارىغاندا، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە، قەشقەر، خوتەن، ئىلى ۋە باشقا رايونلاردا ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى رەتلىگەنلىكى مەلۇم. بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامنىڭ رەتلىنىش ئەھۋالىنى تۆۋەندىكى بىرقانچە باسقۇچقا بۆلۈپ بايان قىلىشقا بولىدۇ.

### 1. مۇقامنىڭ زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ دەۋرىدىكى رەتلىنىش ئەھۋالى

زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ 1830 - يىللاردىن باشلاپ، چىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن قەشقەرگە يەرلىك ھاكىمبەگ قىلىپ تەيىنلەنگەن كىشى بولۇپ، ئەسلى تۇرپانلىق ئىدى. ئۇ كىچىكىدىن باشلاپلا ئىلىم - مەرىپەتكە قىزىقىدىغان، ئەتراپلىق تەربىيىلەنگەن كىشى ئىدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇخارا، تاشكەنت، شەمەي قاتارلىق شەھەرلەردە ئىلىم تەھسىل قىلىپ، ئۇ يەردىكى رېئال

① تۇمۇر داۋامەت: «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى»نىڭ كىرىش سۆزى. جۇڭگو قامۇس نەشرىياتى، 1997 - يىلى نەشرى، 5 - بەت.

② مۇھەممەد زۇنۇن: «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى»نىڭ يېڭى باھارى — ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام تەتقىقاتى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1995 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 207 -، 208 - بەتلەر.

ئىجتىمائىي ھالەتلەرنى بىۋاسىتە كۆزدىن كەچۈرگەن بولغاچقا، ئەينى دەۋردىكى دۇنيا ئەھۋالىدىن ئاز - تولا خەۋەردار ئىدى. بۇ ھال ئۇنىڭ كېيىنكى دەۋرلەردىكى ھاكىمىيەت باشقۇرۇشىدا بىر قەدەر تەرەققىيپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر بولۇشىغا ئاساس سالغان. ئۇ قەشقەردە ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىللەردە بىر تەرەپتىن قەشقەرنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان بىر قاتار چارە - تەدبىرلەرنى قوللاندى. نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ بىلىم - مەرىپەت ئىگىلىشى ئۈچۈن زۆرۈر شەرت - شارائىتلارنى ھازىرلىدى، بولۇپمۇ زوھۇرىددىن بەگ ئەينى دەۋردىكى خەلقنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن خەلق ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان داڭلىق يازغۇچى، شائىرلار ۋە مۇزىكانتلارنى ئالدىنىئالا بايقاپ، ئۇلارغا ئوردىدا ياخشى ئىمكانىيەتلەرنى يارىتىپ بەرگەن مەرىپەتپەرۋەر، تەرەققىيپەرۋەر ئىلغار شائىرلاردىن بىرى ئىدى.

زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ قەشقەرنىڭ داڭلىق مۇقامچىلىرىدىن ئاكا - ئۇكا ھېلىم، سېلىم ۋە ئۇزاق ھاجىلارنى ئوردىغا تەكلىپ قىلىپ، «ئون ئىككى مۇقام»نى بىر قېتىم رەتلەپ چىققانلىقى مەلۇم.

ئاغزاكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ھېلىم، سېلىملارنىڭ بىر شاگىرتى ئاتاقلىق ئۇيغۇر مۇقامشۇناسى تۇردى ئاخۇن ئاكا (1881 — 1956)نىڭ دادىسى تەۋەككۇل ئاخۇن (1843 — 1931) ئىكەن. ئىككىنچى بىر شاگىرتى ئاتاقلىق ئۇيغۇر مۇقامشۇناس قاسىم ئاخۇن ئەلنەغمە (1899 — 1945)نىڭ دادىسى تۇردى ئاخۇن ئىكەن. تۇردى ئاخۇن ئاكا بىلەن قاسىم ئاخۇنلارنىڭ 1951 - يىلى ئۈرۈمچىدە سىنغا ئالدۇرغان «ئون ئىككى مۇقام» ئەنە شۇ ھېلىم، سېلىملارنىڭ مەكتىپىگە مەنسۇپ بولغان يادىكارلىقلاردۇر.

1879 - يىلى مەشھۇر ئۇيغۇر مۇقامشۇناسلىرىدىن ھېلىم، سېلىم ۋە سېتىۋالدى قاتارلىق كىشىلەر جايلاردا تارقىلىپ يۈرگەن مۇقاملارنى يەنە بىر قېتىم رەتلەپ، قېلىپلاشتۇرۇپ، ھەجمى تېخىمۇ چوڭ بولغان ئۇسلۇبلۇق، يۇرۇشلۇك، مۇزىكا نەغمىلىرىنى ۋۇجۇدقا چىقارغانلىقى مەلۇم. شۇنىڭ بىلەن قەشقەر مۇقامى كۆنسايىن مۇكەممەللىشىشكە قاراپ يۈزلەنگەن.

«ئون ئىككى مۇقام»نى كەڭ خەلق ئاممىسىغا تونۇتۇش ھەم تەشۋىق قىلىشتا، ئۇيغۇر يېقىنقى زامان ئەدەبىياتىدىكى داڭلىق شائىر مۇدەررىس موللا سابىر بىننى ئابدۇقادىر ناقىس (1840 — 1920 - يىللارغىچە)نىڭ تۆھپىسى چوڭ بولغان. ناقىس ئۆزىنىڭ «دىۋانى ناقىس» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنىڭ «ھ» ھەرپلىك قاپىيىدە يازغان ئىككى غەزىلىدە «ئون ئىككى مۇقام» تىزىملىكلىرىنى تۆۋەندىكىدەك تىلغا ئالغان: راك، چەببيات، سىگاھ، چەھارگاھ، پەنجىگاھ، ئۇششاق، راست، بايات، نەۋا، ئۆزھال، ئەجەم، ئىراق قاتارلىقلاردىن ئىبارەت①.

ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى تونۇتۇش ۋە تەشۋىق قىلىشتا خىزمەت كۆرسەتكەن داڭلىق شائىرلاردىن يەنە بىرى ئابدۇللا خەتىپ ئاخۇنۇم بىننى مۇھەممەد سادىق ئاخۇنۇم بىننى مۇھەممەد ئىمىن ئەلام ئاخۇنۇم (ئابدۇللا پوسكامى). ئۇ 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا يېزىلغان مەشھۇر ئەسىرى «كىتابى ئەبدۇللا»نىڭ «نەغمىچى» دېگەن ماۋزۇسىدا مۇقام ھەققىدە تۆۋەندىكى بېيىتلارنى يېزىپ قالدۇرغان.

① «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1988 - يىل 2 - سان «دىۋانى ناقىس»قا قارالسۇن.

ئەھلى غەملەرنى قىلۇر، دەفئى مەلالەت نەغمەچى،
بارچەلەردىن بۇ ئەجەب ياخشى مەلاھەت نەغمەچى.

دەپ باشلىنىدىغان غەزىلىدە شائىر مۇقام ناملىرى (رەك، ئۇششاق، مۇشاۋرەك، چەببايات، سىگاھ، چەرگاھ، پەنجىگاھ، ئۆزھال، نەۋا، بەيات) ۋە ئۇنىڭ ئون ئىككىدىن تۈزۈلىدىغانلىقىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتسە، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ غەزەلنىڭ داۋامىدا مۇقامنى ئورۇنلاشقا كېتىدىغان چالغۇلاردىن «سەدا» (ساتا) «قانۇن» (قالۇن)، تەمبۇر، دۇتار، رەباب (راۋاب)، غېجەك، كاناي، نەي، ناغرا، دۇمباق قاتارلىق چالغۇلار ۋە ئۇلارنىڭ مۇقام ئورۇنلاشتىكى سېھرىي كۈچىنى ئوبرازلىق قىلىپ تەرىپلەپ بەرگەن①.

## 2. مۇقامنىڭ ئەلىشىر ھاكىمبەگ دەۋرىدىكى رەتلىنىش ئەھۋالى

ئەلىشىر ھاكىمبەگ، يەنى ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى مۇھەممەد ئەلىشىر بىننى ئابدۇمۇئمىنبەگ بولۇپ، مىلادىيەنىڭ 1828 ـ يىلى دادىسى ئابدۇمۇئمىنبەگنىڭ ئورنىغا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن خوتەن ھاكىمبېگى قىلىپ تەيىنلەنگەن. 1864 ـ يىلى ھاكىمبەگ بەگلىك مەنسىپىدىن قالدۇرۇلغان، ياقۇپبەگ ھۆكۈمىتى يوقىتىلغاندىن كېيىن ئەلىشىر ھاكىمبەگ يەنە ھاكىمبەگلىك مەنسىپىگە تەيىنلىنىپ، 1882 ـ يىلى ۋاپات بولغانلىقى مەلۇم. ئۇ ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن مەرىپەتلىك كىشى بولغاچقا، ئۆز ئوردىسىغا خوتەننىڭ داڭلىق مۇقامچىلىرىنى توپلىغانلىقى مەلۇم، شۇنداقلا يەركەنلىك ئاتاقلىق مۇقامچى سېتىۋالدىنىمۇ خوتەنگە تەكلىپ قىلىپ ئاپارغۇزغان. شۇ جۈملىدىن خوتەنلىك مۇزىكاشۇناس شائىر مولla ئىسمەتۇللا بىننى مولla نىمەتۇللا مۇئجىزىيگە مەخسۇس مۇقام ۋە مۇزىكا ھەققىدە بىر كىتاب يېزىشقا بۇيرۇغان. نەتىجىدە مۇئجىزىي «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» (مۇزىكانتلار تارىخى) ناملىق بىر مۇزىكا رىسالىسىنى يېزىپ، ئۇنىڭدا 17 نەپەر مۇزىكا پىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ بىر قىسىم مۇقاملارنى ۋە چالغۇ ـ ئەسۋابلارنى ئىجاد قىلغانلىقىنى، مۇزىكا مۇقامچىلىقتا نۇرغۇن شاگىرتلارنى تەربىيىلەپ، يېتىشتۈرگەنلىكىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن. مۇئجىزىينىڭ بۇ رىسالىسىنى ئەينى دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ مۇقامغا بولغان چۈشەنچىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، مۇقام تارىخى ھەققىدىكى ساۋادىنى چىقىرىشتا مۇھىم رول ئوينىغان بۇ ئەسەر ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقامى»نىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى بەزى مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇشتا بىزنى مۇھىم يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ ۋە ئەلىشىر ھاكىمبەگلەر مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەر بولغاچقا، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنى تونۇش بىلەن بىرگە ئۇنى تېخىمۇ ئۇلۇغلاپ، ئوردىغا مۇقامچىلارنى يىغىپ رەتلەتكۈزۈپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كېيىنكى ئەۋلادلارغا تارقىلىپ كېلىشىگە چوڭ ئاساسلارنى سالغان. بۇلارنىڭ بۇ ئۇلۇغۋار خىزمىتىگە ئاپىرىنلار ئېيتىلسا ئەرزىيدۇ.

ئىلى مۇقاملىرىنىڭ 19 ـ ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدىن باشلاپ، ھېكىمبەگ ئوردىسىدا مۇقامچى مولla گايىت، پەخىم قاتارلىقلار تەرىپىدىن بىر قېتىم تەرتىپكە سېلىنغانلىقى ماقالىلەردە قەيت

① ئابدۇللا يوسكامى: «كىتابى ئابدۇللاھ» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004 ـ يىلى نەشرى، 135 ـ، 136 ـ، 137 ـ بەتلەرگە قارالسۇن.

قىلىنماقتا. بۇ ئىلى لېرىك ناخشىلىرىدىن تەركىب تاپقان ئون ئىككى شۆبە (چوڭ نەغمە) شەكلىدە ئىدى.

### ئۈچىنچى، مۇقاملارنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئۇيۇشمىلىرى ۋە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى رەتلىنىشى

20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىغا كەلگەندە جۇڭگو كومپارتىيىسى ئەزالىرىنىڭ شىنجاڭدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى ۋە ئۇلۇغ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى بىلەن دېموكراتىك كۈچلەر كۆپىيىپ خەلق ئويغىنىشقا باشلىدى. 1933 ـ يىلىدىكى «12 ـ ئاپرېل» ئىنقىلابىدىن كېيىن شېڭ شىسەي «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە كومپارتىيە بىلەن دوست بولۇش، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش» قاتارلىق ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ئۆزگىرىشلەر شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىدا مەلۇم تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ شىنجاڭدا يېڭى پىكىر ئېقىمى ۋە مەدەنىيەت ھەرىكىتى ۋۇجۇدقا كەلدى. بۇ مەدەنىيەت ـ مائارىپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت، نەشرىياتچىلىق، كىنوچىلىق ۋە باشقا ساھەلەرنىڭ ھەممىسىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىپ يېڭى مول نەتىجىلەرنى بارلىققا كەلتۈردى، بولۇپمۇ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلۇپ، مەدەنىيەت ـ مائارىپتا زور ئىلگىرىلەشلەر بولدى. مۇنداق تارىخىي ئۆزگىرىشلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى ناخشا ـ مۇزىكا، ئۇسسۇل، مۇقام سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈنمۇ يول ئېچىپ بەردى. ئۈرۈمچىدە «ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى» قۇرۇلدى، بولۇپمۇ غۇلجىدا قۇرۇلغان ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى ۋە ئۇنىڭ تەركىبىدىكى سانائىنەفىسە شىنجاڭدىكى ئەڭ بالدۇر قۇرۇلغان ھەم روناق تاپقان مول ھوسۇللۇق سەنئەت تەشكىلاتلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئىلىغا نۇرغۇن تەسىرى بار زاتلار، ئىلغار پىكىرلىك زىيالىيلار توپلانغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر جەھەتتىكى قوللىشى ۋە كۈچ چىقىرىشى بىلەن غۇلجا سانائىنەفىسە قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە ئۆز ئەتراپىغا نۇرغۇن قابىلىيەتلىك سەنئەتچىلەرنى جەلپ قىلدى①.

مۇزىكا ئۇستازى مۇھەممەد موللا ـ كارۇشاڭ ئاخۇنۇم (1843 ـ يىللار ئەتراپىدا قەشقەردە تۇغۇلۇپ، 1923 ـ يىللاردىن كېيىن ئالەمدىن ئۆتكەن) ئۆگەنتۇلغان نۇرغۇن مۇقام ئاھاڭلىرىنى ئىلى چالغۇچىلىرىنىڭ ئېسىگە سالغان، چۇشۇپ قالغانلىرىنى تولۇقلىغان. خاتا چېلىنىپ كەلگەنلىرىنى تۈزىتىپ، ئىلىدىكى مۇقامچىلىقنى يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرگەن. ئاۋامنىڭ مۇقامغا بولغان قىزىقىشىنى قايتا ئويغاتقان ئىكەن. روزى تەمبۇر (1892 — 1957)، ئابلا دۇمباق (1850 — 1930)، جامى ئاكا (1876 — 1959)، بارات تەمبۇر (1875 — 1949)، ھاسان تەمبۇر (1873 — 1946) قاتارلىق مۇقامشۇناسلار كارۇشاڭ ئاخۇنۇمدىن ئون ئىككى مۇقامنىڭ ئاھاڭلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىپ، رەتلەپ، تولۇقلاپ، ئىلى ئون ئىككى مۇقامنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى تىكلىگەنىكەن②.

1935 ـ يىللاردىن باشلاپ غۇلجا ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قارىمىقىدىكى سانائىنەفىسە ئۆمىكى خەلق

① مەمتىمىن ھوشۇر: «ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ تارىخىي بايانى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 126 ـ بەت.
② مەمتىمىن ھوشۇر: «ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ تارىخىي بايانى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى ئۇيغۇرچە 98 ـ 139 ـ بەتلەرگە قارالسۇن.

ئاممىسى ئىچىدىن «غېرىپ - سەنەم» داستانىنىڭ ئاھاڭلىرىنى يىغىشقا باشلىغان. 1946 - يىلدىن باشلاپ غۇلجا تىياتىر ئۆمىكىنىڭ چالغۇچىلىرى مەشرەپ ناخشىلىرىنىڭ كۈي - ئاھاڭلىرىنى توپلىغان ھەم مەخسۇس مۇقام كۇرسى ئېچىپ، سازەندىلەرگە مۇقام ئۆگەتكەنلىكى مەلۇم. بولۇپمۇ 1948 - يىلى تىياتىر ئۆمىكى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ بىۋاسىتە كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن روزى تەمبۇردىن مۇقام ئۆگىنىش تەشەببۇسىنى قوزغىغان، شۇنداقلا ئىلى مۇقاملىرى يەنە بىر قېتىم رەت تەرتىپكە تۇرغۇزۇلغان ھەم شۇ ئاساستا ئۆگىتىلگەن.

بۇ دەۋردە ئۇيغۇر كۈي، ئۇسسۇل، تىياتىر سەنئىتى نوقۇل خەلق مەشرەپ - سەيلىلىرى، ھېيت - ئايەملىرى، توي - تۆكۈن، ئائىلە - بوستان ۋە ۋاڭ - گۇڭ قەسرە - ھەرەملىرىدە ئوينىلىدىغان ھالەتتىن سەھنىلەردە بايرىقى روشەن ھالدا فېئودالىزمغا، جاھانگىرلىككە، نادانلىققا قارشى ئوينىلىدىغان بولدى. بۇ ئۇيغۇر كۈي، ئۇسسۇل، تىياتىر سەنئىتىنىڭ يېڭى قىياپىتى ۋە يېڭى تارىخىي قاتلىمىنى شەكىللەندۈردى. دەرۋەقە، بۇ ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ خەلق مۇقام - مەشرەپ قورغىنىدىن سەھنە سەنئىتىگە يۈزلىنىشىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچتى.

ئۇيغۇر مۇقاملىرى مۇقامچىلىق نامى بىلەن ئەمەس، بەلكى سەھنە سەنئەتلىرى كۈي، ئۇسسۇل، تراگېدىيە، كومېدىيە تىياتىرلىرىنىڭ مۇزىكىلىق ئۇلى شەكلىدە مەيدانغا كىرىپ كەلدى. ئۈرۈمچى، قەشقەر، غۇلجا، تۇرپان، چۆچەك، ئاقسۇ قاتارلىق ھەرقايسى شەھەرلەردە قۇرۇلغان، «سانائىنەفىسە» ۋە «ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى» خەلق سەنئەتچىلىرىنى ئاساس قىلىپ سەھنە سەنئىتى قوشۇنى تەشكىللىدى. بۇ سەھنە ئەسەرلىرى، ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى ۋە سەھنە كونسېرتلىرىنىڭ كۈيلۈك ئۇلى يەنىلا ئۇيغۇر مۇقاملىرى ئىدى.

كۈي ئۇسسۇللىرىنىڭ خەلق ئىچىدىكى ۋەكىللىرى تۇردى ئاخۇن ئاكا، قاسىم ئەلنەغمە، دولان تۇرسۇن، ھېلىم خەلپەت، روزەك باشى ھەنىپخان قاتارلىقلار يېڭى سەنئەت باھارىغا ئۆزى تۆھپىلىرىنى قوشتى.

1930 - يىللاردىكى يېڭى روھىيەت، مۇقام قىزىقىشى ۋە سەھنە سەنئىتى تەقەززالىرى «رۇخسار مۇقام»نىڭ مەيدانغا كېلىشىگە شەرت ھازىرلىدى.

«رۇخسار مۇقامى»نى زىكرى ئەلپەتتا ئاكا (1915 — 1987) 1939 - يىللىرى ئىشلەپ چىققان مۇقاملار سىستېمىسىدىكى بىر كۈيلۈك ئەسەردىن ئىبارەت. گەرچە «رۇخسار مۇقامى» نەغمە سانى ۋە نەغمىلەرنىڭ تىزىلىش تەرتىپى جەھەتتىن كلاسسىك «ئون ئىككى مۇقام» تەركىبىدىكى مۇقاملاردەك تولۇق چوڭ نەغمە قاتارى ۋە داستان مەشرەپ نەغمە قاتارىغا ئىگە بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇر خەلق مۇقاملىرى ۋە ھازىرقى زامان تۈركىي خەلقلىرى مۇقاملىرىدا بولۇشقا تېگىشلىك مۇزىكىلىق مۇجەسسەملىك ئالامەتلىرىنى تولۇق ھازىرلىغان.

دېمەك، ئىلىدا 1935 - يىلدىن باشلاپ «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ داستان ۋە مەشرەپ تۈرى رەتلىنىشكە باشلىغان. بۇ ئىشقا سانائىنەفىسە ئۆمىكى يېتەكچىلىك قىلدى. ئىلىدا 1930 — 1940 - يىللارنىڭ ئۆزىدە ئاممىۋى مۇقام دولقۇنى كۆتۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ دولقۇن 1950 - يىللاردىن باشلاپ شىنجاڭنىڭ ھەممە چوڭ شەھەرلىرىگە يېيىلدى.

## تۆتىنچى، مۇقاملارنىڭ ئازادلىقتىن كېيىنكى رەتلىنىش ئەھۋالى

ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، ئىجادچان ئۇيغۇر خەلقى ئۆزلۈكسىز ئىزدىنىپ ئاجايىپ گۈزەل ۋە رەڭگارەڭ ئېسىل سەنئەت ئەسەرلىرىنى يارىتىپ، زامانىمىزدىكى مىللىي مەدەنىيەتنىڭ

تەرەققىياتىنى مۇنبەت تۇپراق بىلەن تەمىنلىگەن. پارتىيە ھۆكۈمىتىمىز «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش»، «كونىلىرى ئاساسىدا يېڭىلىرىنى يارىتىش» فاڭجېنى بىزگە ئەنئەنىۋى سەنئەت ئەسەرلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرگەندىلا، ئاندىن ھەر مىللەت خەلقى ياقتۇرىدىغان سەنئەت گۈللىرىنى تەكشى ئېچىلدۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. مۇشۇ يېتەكچى ئىدىيىگە ئاساسەن، ھۆكۈمەت ئىزچىل تۈردە ھەر مىللەتنىڭ ئېسىل سەنئەت ئەسەرلىرىنى قىممەتلىك مەدەنىيەت بايلىقى دەپ قاراپ، 1950 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىن تارتىپلا، ھەر مىللەت مۇتەخەسسىسلىرىنى تەشكىللەپ، ئەدەبىيات، مۇزىكا، ئۇسسۇل قاتارلىق ساھەلەردە ھەر مىللەتنىڭ سەنئەت مىراسلىرىنى توپلاش، رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرغانىدى. «ئون ئىككى مۇقام» مانا شۇلار ئىچىدىكى ئەڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەت ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ ئازادلىقتىن كېيىنكى رەتلىنىش ئەھۋالىنى مۇنداق ئۈچ چوڭ باسقۇچقا بۆلۈپ بايان قىلىشقا بولىدۇ:

### بىرىنچى باسقۇچ: «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ تۇنجى قېتىم سىمغا، لېنتىغا ۋە نوتىغا ئېلىش باسقۇچى (1951 — 1960 ـ يىللارغىچە)

1951 ـ يىلى مەركىزىي مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزى بېيجىڭغا بېرىپ، گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى جۇئېنلەيگە شىنجاڭنىڭ خىزمىتىنى دوكلات قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنىدى. سەيپىدىن ئەزىزى شۇ قېتىم ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدىكى مۇزىكا گۆھىرى بولغان «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ پەيدىنپەي يوقىلىۋاتقان، كىشىنى بەكمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدىغان ھالىتىنى جۇئېنلەيگە چۈشەندۈرۈپ، دۆلەتنىڭ ئادەم كۈچى ۋە ماددىي كۈچ جەھەتتىن زور كۈچ بىلەن قوللىشىنى تەلەپ قىلدى. سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ مۇقامنى تېزدىن قۇتقۇزۇۋېلىش توغرىسىدىكى تەكلىپى كۆڭۈل بۆلۈش ۋە قوللاشقا ئېرىشتى.

جۇئېنلەي زۇڭلىنىڭ ماسلاشتۇرۇشى بىلەن مەركىزىي مۇزىكا ئىنستىتۇتى تەتقىقات ئورگىنىدىكى ياش ئالىم ۋەن تۇڭشۇ ۋە ئەل نەغمىلىرى تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇھەررىرى لىيەن يۈمېي دەرھال شىنجاڭغا ئەۋەتىلدى. مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىمۇ بۇ ئىشقا مەخسۇس خىراجەت ئاجراتتى. نەتىجىدە شۇ يىلى ئۈرۈمچىدە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن «ئون ئىككى مۇقامنى رەتلەش گۇرۇپپىسى» رەسمىي قۇرۇلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ خىزمەت رەسمىي باشلاندى. مەشھۇر مۇقام ئۇستازى تۇرداخۇن ئاكا، ئوغلى ھوشۇر ئاخۇن، قەشقەرلىك يەنە بىر مۇقامچى قاسىم ئەلنەغمە، ئىلىدىكى مەشھۇر مۇقامچى روزى تەمبۇر، مۇقامشۇناس زىكرى ئەلپەتتا ئاتاقلىق خەلق ناخشىچىسى ئابدۇۋەلى جارۇللايوۋ، ئەلنەغمىچىلەردىن يەنە ئۆمەر ئاخۇن، خوتەندىن سۇلايمان قالۇن قاتارلىقلار ئۈرۈمچىگە تەكلىپ قىلىندى. كومپوزىتور ۋەن تۇڭشۇ نوتىغا ئېلىشقا، نىمشېھىت داموللام تېكىستلەرنى رەتلەشكە، زۇنۇن قادىر گۇرۇپپىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا سايلاندى. نەتىجىدە يۇقىرىقى مۇقامشۇناس كومپوزىتور، شائىرلارنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن شۇ يىلى (1951 ـ يىلى) 8 ـ 9 ـ ئايلاردا ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقامى» ۋە بىر قىسىم خەلق ناخشىلىرى تۇنجى قېتىم سىمغا (ئۈنگە) ئېلىندى.

1952 ـ يىلى 2 ـ ئايدا «ئون ئىككى مۇقام»نى (تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ ئېيتىپ بەرگەنلىرى ئاساسىدا) تۇنجى قېتىم نوتىغا ئېلىش خىزمىتى قولغا ئېلىندى. نەغمە ـ كۈيلەرنىڭ مۇرەككەپ ۋە ئاددىيلىقىغا قاراپ «داستان»، «مەشرەپ»، «چوڭ نەغمە»دىن مۇقامنىڭ باشلىنىشىغا قەدەر بولغان

تەرتىپلىرى تۈرغۇزۇلدى. ئاساندىن قىيىنغا قاراپ تەرتىپلىك، تەدرىجىي ئىلگىرىلەش سۈزمۇسۈز، مىسرامۇمىسرا ئاھاڭلاپ ئۆگىنىش ئۆگىتىش ۋە يىغىشتۇرۇش ئۈسۇلى قوللىنىلىپ، ئىككى ئاي ۋاقىت ئىچىدە «داستان»، «مەشرەپ»نىڭ ھەممە مۇزىكىلىرى تۇنجى قېتىم نوتىغا ئېلىندى. بۇ گۇرۇپپا 1953 - يىلى ياسىن خۇدابەردىنىڭ مۇدىرلىقىدا قايتا تەسىس قىلىندى.

1954 - يىلى 7 - ئايدا تۇردى ئاخۇن ئاكا ئاتا - بالا 2 - قېتىم ئۈرۈمچىگە تەكلىپ قىلىندى. ئۇلارنىڭ تۇرالغۇ ۋە تۇرمۇش مەسىلىسى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ ساتار بىلەن «ئون ئىككى مۇقام»نى پۈتۈن تېكىستلىرى بىلەن ئوقۇپ چىقىشى، ھوشۇر ئاخۇننىڭ داپنى تەڭكەش قىلىپ بېرىشى بىلەن «ئون ئىككى مۇقام» ئىككىنچى قېتىم ماگنىت لېنتىلىق ئۈنئالغۇ ئارقىلىق لېنتىغا ئېلىندى، شۇنداقلا روزى تەمبۇر، قاسىم ئەلنەغمە، روزى ھوشۇر قاتارلىق مۇقامچىلارنىڭ ئايرىم - ئايرىم ئورۇندىغان مۇقاملىرىمۇ لېنتىغا ئېلىندى. نەتىجىدە مۇزىكا ۋە تېكىستلەردىكى تۇتۇق جايلار ئايدىڭلاشتۇرۇلدى. شۇ يىلى 11 - ئايدا كۈي ۋە تېكىستلەرنى خاتىرىلەش ۋەزىپىسى ئورۇندىلىپ بولغاندىن كېيىن تۇردى ئاخۇن ئاكا ئاتا - بالا قەشقەرگە قايتىپ كەتتى.

1955 - يىلى 8 - ئايدا «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ نوتىغا ئېلىنغان دەسلەپكى نۇسخىسى 1951 - ۋە 1954 - يىللىرىغا ئاۋازغا ئېلىنغان ماگنىتلىق لېنتىلىرى بىلەن بىرلىكتە بېيجىڭدىكى مۇزىكاشۇناسلارنىڭ ئاھاڭلاپ تەكشۈرۈشىگە يوللاندى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىگە سازاۋەر بولدى.

1956 - يىلى «ئون ئىككى مۇقام»نى نوتىغا ئېلىش تېكىستلەرنى رەتلەش، تەرجىمە قىلىش خىزمىتى دەسلەپكى قەدەمدە ئاخىرلاشتى. شۇ يىلى 9 - ئايدا مەشھۇر مۇقامشۇناس تۇردى ئاخۇن ئاكا قەشقەردە ۋاپات بولدى. بۇ ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقامى» ئۈچۈن چوڭ يوقىتىش بولدى.

1957 - يىل 8 - ئايدا «ئون ئىككى مۇقام»نى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ جەنۇبىي شىنجاڭدا نۇقتىلىق تەكشۈرۈلۈپ، نۇرغۇن نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

شۇ قېتىمقى «ئون ئىككى مۇقام» تېكىستلىرىنى رەتلەشكە شائىرلاردىن نىمشېھىت ئەرمىيا ئېلى سايرامىي مەسئۇل، ئەرشىدىن تاتلىق، تېيىپجان ئېلىيوف ۋە ياسىن خۇدا بەردى رەتلىگەن تېكىستلەرنى تەكشۈرۈپ بېكىتىشكە، شائىر، ئەدەبىي تەرجىمان ئابدۇكېرىم خوجا خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىشقا، كومپوزىتور ۋەن تۇڭشۇ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىشقا مەسئۇل بولدى. ۋەن تۇڭشۇ، زىكرى ئەلپەتتا قاتارلىق 12 نەپەر مۇتەخەسسىس ناچار ماددىي شارائىت ئاستىدا تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، مۇقامشۇناس تۇردى ئاخۇن ئاكا بىلەن ئوغلى ھوشۇر ئاخۇنلار ئېيتقان «ئون ئىككى مۇقام»نى توپلاش، لېنتىغا، نوتىغا ئېلىش، رەتلەش، نەشر قىلىش جەريانىدا توپتوغرا ئون يىل جاپالىق، ئەمما ئاجايىپ خاسىيەتلىك نەتىجىلىك ئۇلۇغ خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.

1960 - يىل 2 - ئايدا مۇزىكا نەشرىياتى بىلەن مىللەتلەر نەشرىياتى 2 توملۇق «ئون ئىككى مۇقام»نى نەشر قىلدى. نەتىجىدە ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقامى» ئاغزاكى ئېيتىلىپ تارقىلىشتىن، يېزىق، نوتا ئارقىلىق تارقىلىشنىڭ، مېڭە ۋە قەلبتە ساقلىنىشىدىن تەرەققىي قىلىپ كىتاب بەتلىرىدە ئەبەدىي ساقلىنىشنىڭ مۇقەددىمىسى باشلاندى. بۇ قېتىم رەتلەنگەن ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقام» تېكىستلىرى 1964 - يىلى ئىچكى ماتېرىيال سۈپىتىدە نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغان.

ئىگىلىنىشچە، ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ 2000 - يىللاردىن كېيىن ئىشلەنگەن CD، VCD، DVD پلاستىنكىلىرىنى نەشر قىلىشتا، ئەنە شۇ 1960 - يىلدىكى نەشر قىلىنغان نوتىسى ئەڭ قىممەتلىك ماتېرىيال سۈپىتىدە پايدىلىنىلغان.

بۇ باسقۇچنىڭ ئاخىرىدا ۋىجدانىمىز شۇنداق بىر تۇگەللىمە خۇلاسە سۆزىنى ئېيتىشقا مەجبۇر قىلىدۇكى، «ئون ئىككى مۇقام»نى بىردىنبىر تولۇق بىلىدىغان تۇردى ئاخۇن ئاكا ھايات ۋاقتىدا ئۇ مۇبارەك زاتنىڭ ۋە بىرقاتار مۇقامشۇناس، مۇزىكانتلارنىڭ تىرىشىشى، شۇنداقلا تۈرلۈك قارشىلىقلارنى يېڭىشى بىلەن قۇتقۇزۇپ قېلىندى. ئەگەر تارىخىي ھەم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە بۇ ئىش قىلىنماي قالغان بولسا، «ئون ئىككى مۇقام»غا تولۇق ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش قىيىن ئىش بولۇپ قالغان بولاتتى. بۇ ئىشنى ئويلىغاندا، ئۇلۇغ مۇقامشۇناس تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ «ئون ئىككى مۇقام» ئۈچۈن قالدۇرغان بۇ ئۇلۇغ تۆھپىسىنى ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەك. ئۇنىڭ روھى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەلبىدە مۇقامسۆيەر، سەنئەتخۇمار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ روھىيىتىدە مەڭگۈ ياشايدۇ.

**ئىككىنچى باسقۇچ: «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ سىستېمىلىق توپلىنىش، رەتلىنىش، تەتقىق قىلىش باسقۇچى (1978 - يىلدىن 1994 - يىلغىچە)**

بۇ باسقۇچقا كەلگەندە «ئون ئىككى مۇقام» تېخىمۇ سىستېمىلىق توپلاندى، رەتلەندى، تەتقىق قىلىندى ۋە نەشر قىلىندى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن كېيىن، بولۇپمۇ 1978 - يىلدىن كېيىن مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىرى، «ئون ئىككى مۇقام»نى قۇتقۇزۇش، قوغداش، رەتلەش ۋە نەشر قىلىش خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇش ۋە يېڭى باسقۇچقا كۆتۈرۈشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى.

1978 - يىلى شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكى مەخسۇس «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ ناخشا - مۇزىكىسىنى رەتلەش مەقسىتىدە «مۇقام تەتقىقات گۇرۇپپىسى»نى قۇرۇپ چىقتى. بۇ گۇرۇپپا «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ نوپۇزىنى قايتا تىكلەش ئۈچۈن تۇردى ئاخۇن ئاكىدىن مىراس قالغان مۇقام نەغمە - كۈيلىرىنى، يوقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، بىرىنچى تۈركۈم ياشلارغا ئۆگىتىپ، ئۇلارنى مۇقام ۋارىسلىرى قىلىش، مۇقامنى باشتىن تارتىپ رەتلەپ، سەھنىلەشتۈرۈپ، ئۈنئالغۇ لېنتىسى ۋە رادىئو ئارقىلىق خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقىتىشنى ئاساسىي مەقسەت قىلدى. بۇ ئۇلۇغۋار خىزمەتكە زىكرى ئەلپەتتا، ھۆسەنجان جامى باش بولدى. تېيىپجان ئېلىيوف، ئابلىز نازىر قاتارلىق شائىرلار قاتناشتى. بۇ خىزمەتكە يەنە ئابلىزخان مامۇت، ئابدىكېرەم ئەلى، غىياسىدىن بارات، قۇربانجان روزى، ئابلىز شاكىر، قەشقەردىن داڭلىق ئەلنەغمىچى ئۆمەر ئاخۇن، ئوسمان ئەمەتلەر قاتناشتى. ئۇلار دەسلەپ «راك» مۇقامىنى ئەينەن رەتلەپ، كېيىنچە «چەبىيات» مۇقامى بىلەن «ئوشاق» مۇقامىنىمۇ شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى تەرىپىدىن ئۈنئالغۇغا ئالدۇرغان.

1981 - يىلى ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى تەرىپىدىن يۇقىرىقى گۇرۇپپا كېڭەيتىلىپ «ش ئۇ ئا ر مۇقام تەتقىقات ئىشخانىسى» قۇرۇلدى. بۇ ئىشخانىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى بولسا داۋاملىق تۇردە قالغان مۇقاملارنى رەتلەپ ئېلان قىلىش ۋە مۇقاملارنى سەھنىلەشتۈرۈش بولدى. شۇنىڭ بىلەن مۇقامنى رەتلەش، تەتقىق قىلىش ئىشى تېخىمۇ مەركەزلەشتۈرۈلدى.

1989 - يىلى 3 - ئاينىڭ 27 - كۈنى «شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلى» قۇرۇلدى. شۇ يىلى 5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئون ئىككى مۇقام ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتى» قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن «ئون ئىككى مۇقام»نى قېزىش، توپلاش، رەتلەش، ئورۇنداش، سەھنىلەشتۈرۈش، تەتقىق قىلىش، نەشر قىلىش قاتارلىق بىر قاتار ئۇلۇغۋار خىزمەتلەر مۇئەييەن تەشكىللىك ۋە بەلگىلىك ماددىي كاپالەتكە ئىگە بولدى. مۇقام تەتقىقات ئىشخانىسى بىلەن مۇقام

ئانسامبىلى قۇرۇلغاندىن كېيىن، «ئون ئىككى مۇقام»نى ئىككىنچى قېتىم لېنتىغا ئالدى ۋە قايتىدىن نوتىسىنى ئىشلەپ چىقتى. نەتىجىدە بۇ خىزمەتلەر 1990 ـ يىلى 9 ـ ئايدا نەتىجىلىك ئاخىرلاشتۇرۇلدى.

بۇ باسقۇچتا ئىشلەنگەن خىزمەتلەرنىڭ نەتىجىسىنى تۆۋەندىكى نۇقتىلار ئارقىلىق كۆرستىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ:

**1**. «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ كۈي ـ نەغمىلىرى تولۇقلاندى. 1951 ـ يىلى ۋە 1954 ـ يىللىرى تۇردى ئاخۇن ئاكا ئېيتىپ بىرگە مىراس قالدۇرغان «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ نەغمىلىرى 245 تىن تەركىب تاپقانىدى. 1960 ـ يىللاردا رەتلەنگەن، 1994 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان نۇسخىغا قارايدىغان بولساق، بۇ قېتىم شۇ يىللىرى كەم مۇقاملار تولۇقلىنىپ 63 نەغمە يېڭىدىن قوشۇلغان①.

**ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ 1960 ـ يىلدىكى نەشر نۇسخىسى بىلەن 1994 ـ يىلدىكى نەشر نۇسخىسىنىڭ پەرقىنى كۆرستىش جەدۋىلى**

| № | مۇقامناملىرى | 1960 ـ يىلدىكى نەشرىدىكى نەغمە سانى | 1994 ـ يىلدىكى نەشرىدىكى نەغمە سانى |
|---|---|---|---|
| 1 | راك | 23 | 25 |
| 2 | چەبىيات | 23 | 25 |
| 3 | مۇشاۋەرەك | 31 | 30 |
| 4 | چارگاھ | 18 | 25 |
| 5 | پەنجگاھ | 28 | 30 |
| 6 | ئۆزھال | 29 | 25 |
| 7 | ئەجەم | 17 | 22 |
| 8 | ئۇشاق | 23 | 32 |
| 9 | بايات | 19 | 23 |
| 10 | نەۋا | 20 | 23 |
| 11 | سەگاھ | 6 | 25 |
| 12 | ئىراق | 8 | 23 |
| | جەمئىي نەغمە | 245 | 308 |

**2**. «ئون ئىككى مۇقام» تېكىستلىرى تولۇقلاندى.

مەشھۇر مۇقام ئۇستازى تۇردى ئاخۇن ئاكا بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ تېكىستلىرى 2482 مىسرا ئىدى.

بۇ مەزگىلدىكى رەتلەشتە تۇردى ئاخۇن ئاكا ئېيتقان تېكىستلەر ئاساس قىلىنىپ، تەكرارلانغان، شۇنداقلا مۇزىكا رىتىمىغا ماسلاشمىغان بەزى تېكىستلەر ئورنىغا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتقان ئاتاقلىق شائىرلارنىڭ نەزملىرىدىن تاللاپ كىرگۈزۈلدى. ئاساسلىق ئاپتورلارنىڭ تېكىستتىكى مىسرالىرىنىڭ سانى مۇنداق: ئەلىشىر نەۋائى 365 مىسرا، ئاتائى 34 مىسرا، سەككاكى

① باتۇر ئەرشىدىنوۋ يۇقىرىقى كىتابى 138 ـ بەتكە قارالسۇن.

68 مىسرا، لۇتفى 52 مىسرا، گۇمنام 208 مىسرا، ئانىزارى 95 مىسرا، زەلىلى 80 مىسرا، نەفىسى 20 مىسرا، قىدىرخان 10 مىسرا، مەشھۇرى 6 مىسرا.

1960 – يىلدىكى مۇقام تېكىستلىرى ئىچىگە ئېلىنغان خەلق داستانلىرى ۋە خەلق قوشاقلىرى 518 مىسرا، مەنبەسى يوق تەرمە مىسرالار 162 ئىدى. بۇ قېتىمقى رەتلەشتە مەنبەسىز مىسرالار يوق. خەلق داستان – قوشاقلىرىدىن تاللاپ كىرگۈزۈلگىنى 1053 مىسرا بولدى، بۇ قېتىمقى رەتلەش، تولۇقلاش ئارقىلىق 2990 مىسرا (3127 مىسرا دېگۈچىلەرمۇ بار) تېكىست بېكىتىپ چىقىلدى.

2. «ئون ئىككى مۇقام» ئىككىنچى قېتىم ئۈنئالغۇ لېنتىغا ۋە نوتىغا ئېلىنىپ نەشر قىلىپ تارقىتىلدى. 1990 – 1991 – يىللىرى شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلىنىڭ مۇزىكانت ناخشىچىلىرى ئورۇنلىغان ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقامى»نىڭ ئۈنئالغۇ لېنتىسى (نومۇرى 001–LX) شىنجاڭ ئۈن – سىن نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. مانا بۇ «ئون ئىككى مۇقام» لېنتىسىنىڭ كەڭ كۆلەملىك نەشر قىلىنىپ تارقىتىلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مانا مۇشۇ نەشرىگە ئاساسەن مۇقام ئانسامبىلىنىڭ دۆلەتلىك بىرىنچى دەرىجىلىك كومپوزىتورى مەتروزى تۇرسۇن تەرىپىدىن نوتىغا ئېلىندى. مۇقام تېكىستلەرنى بولسا جىڭيا، جاڭ شىرۇڭ، فوشېڭلى قاتارلىقلار خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلدى. نوتا ۋە ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە تېكىستلىرى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1994 – يىلى 12 توملۇق كىتاب بولۇپ نەشر قىلىندى.

**ئۈچىنچى باسقۇچ: «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ يەنىمۇ مۇكەممەللىشىش باسقۇچى (1995 – يىلدىن ھازىرغىچە)**

بۇ باسقۇچقا كەلگەندە مەركەز ۋە ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن تۆمۈر داۋامەت، ئابلەت ئابدۇرېشىت، ئىسمايىل تىلىۋالدى، مەتتىمىن زاكىر قاتارلىقلارنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردىن ياردەم بېرىش، مۇزىكا – مۇقام ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىس ۋە سەنئەتكارلارنىڭ جاپالىق ئىزدىنىشى نەتىجىسىدە مۇقام سەنئىتىنى راۋاجلاندۇرۇشقا يەنە بىر قېتىم ياخشى ئاساس سېلىندى. بۇ باسقۇچتا «ئون ئىككى مۇقام»نى تولۇقلاش، رەتلەش خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىپ بېكىتىلدى. نەتىجىدە، ئىلگىرىكى ئىككى باسقۇچقا قارىغاندا مۇقام تېخىمۇ سىستېمىلاشتى، تاكامۇللاشتى، مۇقامنىڭ يېڭى زامانىۋى نەشرلىرى بارلىققا كەلدى.

بۇ باسقۇچتا ئىشلەنگەن ئاساسلىق خىزمەتلەرنىڭ نەتىجىلىرىنى تۆۋەندىكى نۇقتىلار ئارقىلىق كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ:

1. ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ نەغمە – كۈيلىرى تېخىمۇ تولۇقلىنىپ، قايتىدىن نوتىغا ئېلىنىپ، يەنىمۇ مۇكەممەل نەشرى دۇنياغا كەلدى.

1995 – يىلى ش ئۇ ئا ر ئون ئىككى مۇقام ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتى بىلەن ش ئۇ ئا ر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقات جەمئىيىتى 47 نەپەر ئالىم – مۇتەخەسسىسلەردىن تەركىب تاپقان تۆت گۇرۇپپا تەشكىللەپ، ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقام»نى تولۇقلاپ قايتا نەشرگە تەييارلىدى. 40 يىلدىن بېرى تېپىلماي كۆمۈلۈپ قالغان «ئىشرەت ئەنگىز»نىڭ 11 خىل ئاھاڭى، «ئابى چەشمە»نىڭ 15 خىل ئاھاڭى ۋە «مۇستەھزاد»نىڭ 13 خىل ئاھاڭى بولۇپ جەمئىي 39 خىل ئاھاڭ يېڭىدىن تېپىلدى. 1951 – يىلى 1954 – يىللىرى سىمغا ئېلىنغان «راك»، «چەبىيات» مۇقامىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان 13 ئاھاڭ ئىلگىرىكى 12 كىتاب ۋە ئۇ ئۈنئالغۇ لېنتىسىغىمۇ كىرگۈزۈلمىگەنىدى. بۇ 13 ئاھاڭ بۇ

قېتىم ئەسلىي تېكىستى بىلەن كىرگۈزۈلدى. بۇ قېتىم تولۇقلاپ نەشرگە تەييارلانغان 13 كىتابقا جەمئىي 53 ئاھاڭ تارىخىي پاكىت بويىچە يېڭىدىن كىرگۈزۈلۈپ، مۇقاملارنىڭ ئومۇمىي نەغمە - كۈيى 360 قا يەتكۈزۈلدى.

كومپوزىتور مەتروزى تۇرسۇن قايتا خەلقئارالىق نوتىغا ئالدى. 1997 - يىلى جۇڭگو قامۇس نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» (13 چوڭ كىتاب)، ناملىق كىتاب 12 تۈر بويىچە، يەنى خەلقئارالىق نوتا، لاتىن ھەرپلىرىدىكى ترانسكرىپسىيە، تېكىست، تېكىستلەرنىڭ ۋەزىن كۆرسەتكۈچى، تېكىستلەرنىڭ مەنبەئى، يەشمىسى، لۇغەت، ئىزاھات، خەنزۇچە تەرجىمە، تېكىستلەرگە شېئىرى كىرگەن كلاسسىك شائىرلارنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى، ئاھاڭ كۆرسەتكۈچى جەدۋىلى دېگەن تۈرلەر بويىچە ئىلمىي جەھەتتىن سىستېمىلاشتۇرۇلغان ھالدا بىرقەدەر يۇقىرى سەۋىيىلىك قىلىپ ئىشلەندى.

2. «ئون ئىككى مۇقام» تېكىستلىرى تېخىمۇ تولۇقلاندى. 1995 - يىلى ئالىم - مۇتەخەسسىسلەرگە 11 ماددىلىق ئىلمىي قائىدە، پرىنسىپلارنى بەلگىلەپ، شۇ پرىنسىپلار ئاساسىدا تېكىستلەر ئۈچىنچى قېتىم ئەستايىدىل رەتلەندى. تېكىستلەرنىڭ ئېلىنغان مەنبەلىرى ئېنىق كۆرسىتىلدى. تېكىستلەرنىڭ مەزمۇن ھەم ۋەزىنلىرى، كۈيلەرنىڭ تېما ھەم ۋەزىنلىرىگە ماس بولۇش ئەنئەنىسىگە تولۇق ۋارىسلىق قىلىندى. ئايرىم تېكىستلەردىكى كەم جايلار شۇ تېكىستنىڭ بۇرۇنقى قوليازمىلىرى ئاساسىدا تولۇقلاندى. تەكرار ئېيتىلغان تېكىستلەر قايسى شائىرنىڭ شېئىرلىرىدىن ئېلىنغان بولسا، شۇ شائىرنىڭ ياكى زامانداش شائىرلارنىڭ مۇۋاپىق كېلىدىغان باشقا شېئىرلىرى بىلەن يەڭگۈشلەندى. بۇ قېتىم رەتلەنگەن تېكىستلەر كلاسسىكلىرىمىزدىن 44 نەپەر شائىرنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ بولغان، ئاساسەن ئارۇز ۋەزنىنىڭ رەمەل، ھەزەج، مۇتەقارىپ، مۇجتەس... قاتارلىق بەھرلەرنىڭ ھەر خىل ۋەزىنلىرىدە يېزىلغان غەزەللىرىدىن تەركىب تاپتى①. بۇ قېتىمقى رەتلەنگەن مۇقامنىڭ «داستان» قىسمىغا ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدىن «غېرىب - سەنەم»، «يۈسۈپ - ئەھمەد»، «پەرھاد - شېرىن»، «تاھىر - زۆھرە»، «ھۆرلىقا - ھەمراجان»... قاتارلىق 13 داستاندىن جەمئىي 822 مىسرا شېئىر كىرگۈزۈلگەن. بۇ قېتىمقى نەشرىدە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا تەۋە بولغان قىسمى 1089 (1097 ئاپتور تەرىپىدىن ستاتىستىكىلاپ ئېلىنغان) مىسرا بولۇپ، مۇقام تېكىستلىرىنىڭ 30 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ②. نەتىجىدە بۇ قېتىمقى كەڭ كۆلەملىك تولۇقلاش ئاساسىدا «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى»نىڭ تېكىستى 4492 (3621ئاپتور تەرىپىدىن ستاتىستىكىلاپ ئېلىنغان) مىسرادىن تەركىب تاپتى.

3. زامانىۋى پەن - تېخنىكىنىڭ ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ «ئون ئىككى مۇقام» تۇنجى قېتىم CD, VCD, DVD پلاستىنكىلىرى ئىشلىنىپ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا تارقالدى.

1998 - يىلى دۆلەتنىڭ ئالاقىدار رەھبەرلىرى، ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە - ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ تەشەببۇس قىلىشى، مۇناسىۋەتلىك مىنىستىرلىك ۋە كومىتېتلارنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى، مەدەنىيەت نازارىتى قاتارلىق تارماقلار ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست شەھەر - ناھىيىلەرنىڭ يەتتە مىڭدىن ئارتۇق خادىم ئاجرىتىش

① تۆمۈر داۋامەت «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى»نىڭ كىرىش سۆزى. جۇڭگو قامۇس نەشرىياتى 1997 - يىلى نەشرى.
② تۇرسۇنجان ساۋۇت ئۇدمىش، زەينۇرە كېرىم: «ئون ئىككى مۇقام تېكىستلىرىدىكى خەلق قوشاقلىرى ۋە خەلق داستانلىرىدا ئىپادىلەنگەن ئىجتىمائىي پىكىرلەر» «شىنجاڭ سەنئىتى» 2008 - يىل 4 - سانىغا قارالسۇن.

بىلەن تۆت يىل ۋاقىت سەرپ قىلىش ئارقىلىق، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتى، ھۈنەر كەسىپلىرى، بىناكارلىق قاتناش ترانسپورت، ھەر خىل بايراملىرى، گۈزەللىك ئادەتلىرى ۋە تۈرلۈك مەدەنىيەتلىرى ئىنتايىن جانلىق، كۆركەم، ھەيۋەتلىك ئىپادىلەنگەن. «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ DC, DCV, DVD پلاستىنكىلىرى ئىشلىنىپ، خەنزۇچە، ئىنگلىزچە، ئەرەبچە خەت كىرگۈزۈلۈپ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا تارقىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن «ئون ئىككى مۇقام» ھەرقانداق دەۋرگە قارىغاندا كەڭ تارقىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى.

4. «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ مۇقامناملىرى ۋە رەت تەرتىپى قايتىدىن تۇرغۇزۇلدى ۋە قېلىپلاشتۇرۇلدى. ئۇيغۇر مۇقاملىرى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولغاچقا، ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى مۇقام ناملىرى ۋە ئۇنىڭ تەرتىپىدە ھەر خىل مەسىلىلەر ساقلانغان. ئازادلىقتىن كېيىن كومپوزىتور ۋە مۇزىكانتلار، ناخشىچىلار مۇقام ناملىرىنى ۋە ئۇنىڭ تەرتىپىنى، 1951 ـ 1954 ـ يىللىرى مەشھۇر مۇقامشۇناس تۇردى ئاخۇن ئاكا سىمغا ۋە لېنتىغا ئېيتقان نۇسخىسىنى ئاساس قىلىپ تۇرغۇزغانىدى. شۇڭا، «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ 1960 ـ يىلىدىكى ۋە 1984 ـ يىللىرىدىكى نەشرىدە بۇ جەھەتتە ئاساسەن ئوخشاشلىق ساقلانغان. 1995 ـ يىلىدىن كېيىن نورغۇن ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلەر قايتا ـ قايتا ئىزدىنىش ۋە تەتقىقاتلار ئارقىلىق «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ مۇقام ناملىرى، رەت تەرتىپىدىكى مەسىلىلەرنى ئىلمىي ئۇسۇلدا ھەل قىلىپ ئۇنىڭ ئۆلچەملەشكەن نام ۋە رەت تەرتىپىنى قېلىپلاشتۇردى. بۇنىڭدىن كېيىنكى تەتقىقات ئوقۇ ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا بىز چوقۇم بۇ قېلىپلاشقان نۇسخىنى ئاساس قىلىپ ئىلگىرىكى خاتالىقلارنى تۈزىتىشىمىز كېرەك.

**«ئون ئىككى مۇقام»نىڭ 1960 ـ يىلىدىن 1997 ـ يىلىغىچە نەشر قىلىنغان نۇسخىلىرىدىكى مۇقام ناملىرى ۋە رەت تەرتىپىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى**

| № | 1960 ـ يىلىدىكى نەشرىدىكى نەغمە سانى | 1994 ـ يىلىدىكى نەشرىدىكى نەغمە سانى | 1997 ـ يىلىدىكى نەشرىدىكى نەغمە سانى |
|---|---|---|---|
| 1 | راك | راك | راك |
| 2 | چەببىيات | چەببىيات | چەببىيات |
| 3 | مۇشاۋىرەك | مۇشاۋىرەك | سىگاھ |
| 4 | چارىگاھ | چارىگاھ | چەھارگاھ |
| 5 | پەنجىگاھ | پەنجىگاھ | پەنجىگاھ |
| 6 | ئۇزال | ئۆزھال | ئۆزھال |
| 7 | ئەجەم | ئەجەم | ئەجەم |
| 8 | ئۇششاق | ئۇششاق | ئۇشاشاق |
| 9 | بايات | بايات | بايات |
| 10 | نەۋا | نەۋا | نەۋا |
| 11 | سىگاھ | سىگاھ | مۇشاۋىرەك |
| 12 | ئىراق | ئىراق | ئىراق |

## خۇلاسە

پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن هازىرقى يىللارغىچە بولغان مەزگىل مۇقامنىڭ يېڭى بىر باهارى بولۇپ، مۇقام هادىسىسى تېخىمۇ كەڭ تارىخىي قاتلام هاسىل قىلىپ، يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە، رەھبەرلىكتىن ئاۋام خەلققىچە، ئۆز ھەقدارلىرى بولغان ئۇيغۇرلاردىن باشلاپ ھەرقايسى قېرىنداش مىللەتلەرگىچە، دۆلەت ئىچىدىن تارتىپ دۆلەت سىرتىغىچە تېخىمۇ كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ يۇقىرى ئېتىبارىغا ئېرىشتى. «گېسار»، «ماناس»، «جاڭغىر» بىلەن بىر قاتاردا جۇڭخۇا مەدەنىيەت خەزىنىسىنىڭ بىباھا گۆھىرىگە ئايلاندى.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تەرىپىدىن 2005 ـ يىلى 25 ـ نويابىر «ئىنسانىيەتنىڭ ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى» دەپ ئەنگە ئېلىنىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقى ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. «ئون ئىككى مۇقام»نى قېزىش، رەتلەش، نەشر قىلىش، تەتقىق قىلىش بىلەن بىللە ھەرقايسى يەرلىك مۇقاملار ۋە ئۇلارنىڭ ۋارىيانتلىرىنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىش، تەتقىق قىلىش خىزمىتى ماس قەدەمدە نەتىجىلىك راۋاجلاندى.

هازىرغىچە «دولان مۇقامى»، «قۇمۇل مۇقامى»، «تۇرپان مۇقامى» قاتارلىقلار رەتلىنىپ ئارقا ـ ئارقىدىن نەشر قىلىندى ۋە مەخسۇس مۇقامشۇناسلىق پەنلىرى ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەردە ۋە تېخنىكوملاردا دەرس قىلىپ ئۆتۈلۈپ، نۇرغۇن ۋارىسلار تەربىيىلەندى ۋە داۋاملىق تەربىيىلەنمەكتە، بۇ ھەقتە تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلدى.

«ئون ئىككى مۇقام» ھەم تەتقىقات ھەم ئورۇنداش جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن ئىبارەت ئىككى يول بىلەن پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدىن ھالقىپ، دۇنياغا يۈزلىنىپ، خەلقئارا سەھنىلەردە جەلپكار سادا ياڭراتتى ۋە دۇنيانىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىدى. 1986 ـ يىلىدىن ئىبارەت «شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلى» سەھنىلەشتۈرگەن ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ تىياتىرلاشقان ھەر خىل نۇسخىلىرى مەملىكەتلىك مۆزىكا كۆرەكلىرىگە قاتناشتۇرۇلۇپ، زور شان ـ شەرەپ قوچقاندىن باشقا يەنە ھەرقايسى دۆلەت سەھنىلىرىدە ئورۇندىلىپ، قىزغىن ئالقىش ئېرىشتى ۋە زور تەسىر قوزغىدى.

دېمەك، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ ئۇزاق تارىخىي مۇساپىلىرىدىن شۇنداق بىر ھەقىقەت ئايان بولىدۇكى، ئۇيغۇر مۇقاملىرى ئۇيغۇر خەلقى ۋە ئۇنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ مىڭلىغان يىللاردىن بېرى تاللاپ ۋە تاۋلاپ كېلىۋاتقان چوڭ ھەجىملىك سەنئەت قامۇسى. ئۇيغۇر خەلقىنى دۇنياغا، كەلگۈسىگە تۇتاشتۇرىدىغان خاسىيەتلىك رىشتە. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىي مۇساپىسىنى، شانلىق مەدەنىيىتىنى، ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى نامايان قىلىپ بېرىدىغان باي ھېكمەت خەزىنىسى.

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**

1. مۇئجىزىي: «تەۋارىخىي مۇسقىييۇن» مىللەتلەر نەشرىياتى، 1982 ـ يىل نەشرى.
2. «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» جۇڭگو قامۇس نەشرىياتى، 1997 ـ يىل نەشرى.
3. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1997 ـ يىل نەشرى.

4. «جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقامى سەنئىتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006 ـ يىل نەشرى.
5. «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 ـ يىل نەشرى.
6. مەتىمىن ھوشۇر: «ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ تارىخىي بايانى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 2006 ـ يىل نەشرى.
7. «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تەتقىقاتى» مىللەتلەر نەشرىياتى، 1995 ـ يىل نەشرى.
8. «ئون ئىككى مۇقام ھەققىدە مۇلاھىزە» جۇڭگو قامۇس نەشرىياتى، 1997 ـ يىل نەشرى.
9. مۇھەممەد زۇنۇن: «مۇقام خىزمىتى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 1997 ـ يىللىق 6 ـ سان.
10. مۇھەممەد زۇنۇن: «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ يېڭى باھارى»، «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام تەتقىقاتى» مىللەتلەر نەشرىياتى، 1995 ـ يىل نەشرى.
11. باتۇر ئەرشىدىنوۋ: «ئون ئىككى مۇقام ھەققىدە» ئالماتا، 2002 ـ يىل نەشرى.
12. شيۇڭ كۇنجىڭ: «سەيپىدىن ئەزىزى ۋە ئون ئىككى مۇقام»، «ئاسىيا كىندىكى» گېزىتىنىڭ 2007 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈندىكى سانى.



مەزمۇنى: (سەبىرسىزلىك ئادەت بولسا ئىنسانغا،
ئاتقان ئوقى تەگمەس ئەسلا نىشانغا.)

خەتتات: ھەبىبۇللاھ هامۇت زەۋقى

# «شەرھى ئىدئوم»دىن تۇغۇلغان ئويلار

زۇلپىيە تۇردى

ئۇيغۇر تىلى ماقال، تەمسىل، ئوبرازلىق كەلىمە ۋە باشقا تۈرلۈك تۇراقلىق ئىبارىلەرگە باي تىل. تۇراقلىق ئىبارىلەر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزۇن تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا تەبىئەت ۋە جەمئىيەت بىلەن بولغان تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەرنى ئىپادىلەش ئېھتىياجى بىلەن ئۈزلۈكسىز ھالدا مەيدانغا كەلگەن ۋە بېيىپ، تەرەققىي قىلىپ بارغان. تۇراقلىق ئىبارىلەر ئوي - پىكىرنى روشەن، ئېنىق، ئوبرازلىق ئىپادىلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش بىلەنلا قالماي، ئۇ يەنە خەلقىمىزنىڭ ئېتنوگرافىيىسى، فولكلورى، تەبىئەت ۋە جەمئىيەت بىلەن باغلىنىشلىق بولغان پەلسەپىۋى كۆز قاراشلىرى، تۈرلۈك پەنلەرگە دائىر بىلىمى، چۈشەنچىلىرى ۋە ئېستېتىك كۆز قاراشلىرىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەجدادلىرىمىز تارىختىن بېرى نۇتۇقلىرىدا ۋە ئىجادىيەت مىراسلىرىدا ماقال، تەمسىل، ئىدىيوم ۋە باشقا تۇراقلىق تەركىبلەردىن ناھايىتى ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ كەلگەن ھەمدە ئۇنى توپلاپ، رەتلەپ كېيىنكى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغان. تۇراقلىق ئىبارىلەرنى توپلاپ رەتلەپ بىزگە يەتكۈزۈشتە باشلامچىلىق رول ئوينىغان كىشى ئۇلۇغ ئالىم، تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرىيدۇر. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە خەلقىمىزنىڭ نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيانقى قوللىنىپ كەلگەن قوشاق، ماقال، تەمسىل، ئىدىئوم ۋە باشقا تۈرلۈك ئوبرازلىق كەلىمىلىرى ئورۇن ئالغان بولۇپ، بۇلار بىزنىڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە تىل مەدەنىيىتىمىزنىڭ يارقىن نەمۇنىلىرىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەھمەد يۈكنەكىي، نەسىرىددىن رەبغۇزىي، مەۋلانا سەككاكىي، ئەلىشىر نەۋائىي ۋە باشقا بىر قاتار ئالىم، ئەدىبلىرىمىز تۇراقلىق ئىبارىلەردىن خۇسۇسەن، ئىدىئوملاردىن پايدىلىنىپ ئۆز ئانا تىلىنىڭ ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى نامايان قىلىشتا بىزگە ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ئۆلگىلەرنى تىكلەپ بەرگەن.

ئەمما، شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، يېقىنقى زامان تارىخىمىزدا ئانا تىلىمىزدىكى تۇراقلىق ئىبارىلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىشقا مۇيەسسەر بولالماي كەلدۇق. بۇ تىل ساھەمىزدە كىشىنى تولىمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدىغان بىر بوشلۇق ئىدى. ئازادلىقتىن كېيىن، پېشقەدەم شائىر مۇھەممەت رەھىم ئەپەندى ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىش ئىشلىرىغا ئۆزىنىڭ يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ، ئۇزۇن يىللار ئىشلىدى، نەتىجىدە بۇ ساھەدە كىشىنى خۇشال قىلىدىغان ئەمگەك مېۋىلىرىنى ۋۇجۇدقا چىقاردى. تىلىمىزدىكى تۇراقلىق ئىبارىلەرنىڭ يەنە بىر

تۈرى بولغان ئىدىئومىلارمۇ ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردىن بېرى توپلاش، رەتلەش ئېلىپ بېرىلماي چېچىلاڭغۇ ھالەتتە ئېغىزدىن ئېغىزغا تارقىلىپ كەلگەن ئىدى. 2007 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «شەرھى ئىدىئوم» ناملىق كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشى بۇ جەھەتتىكى بوشلۇقنى مۇئەييەن دەرىجىدە تولدۇرۇش رولىنى ئوينىدى. مۇشۇنداق بىر ياخشى كىتابنىڭ مەيدانغا چىقىشىغا كىتابنىڭ مۇئەللىپى ھارۇت رەسۇل قادىرى ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللىق زېھنىي قۇۋۋىتى ۋە يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغان. مۇئەللىپ بۇ كىتابنىڭ كىرىش سۆزىدە بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئوقۇغۇچى مەزگىلىمدە تىلىمىزدىكى ئىدىئومىلارنى توپلاپ، رەتلەپ ۋە شەرھلەپ چىقىشقا يەڭ تۈرگەنىدىم. بۇ ئىشىمغا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو تىللىرى فاكۇلتېتىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئىلگىرىكى فرازېئولوگلارغا بەلگىلىك رەۋىشتە باغلىنىدىغان ئۇستازلاردىن ئەنسەرىدىن مۇسا، رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا، تۇردى ئەخمەت، زەينۇرە ئەيسا قاتارلىقلار، جۇڭگو ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىدىن ئابدۇرشىت ئىسلام قاتارلىقلارنىڭ ياردەم ۋە يېتەكلەشلىرى بولغان ئىدى. تۈرلۈك سەۋەبلەردىن مەزكۇر خىزمەتنىڭ رويابقا چىقىشى كېچىكىپ كەتتى، ئارىدىن چاقماق مەسىللىك يىللاردىن يىگىرمە نەچچىسى ئۆتۈپ كەتتى، يىللارنىڭ سۈرئىتىگە يېتىشەلمەيلا قالدىم. مانا ئەمدى ۋاقتى ـ سائىتى توشۇپ، ئاز كەم ئوتتۇز يىللىق ئىشىم يورۇقلۇققا چىقىش ئالدىدا تۇرۇپتۇ.»

بۇنىڭدىن ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، كىتابقا مۇئەللىپنىڭ ئوتتۇز يىللىق قان ـ تەرى، ئەقىل ـ ئىدراكى، زېھنىي قۇۋۋىتى سەرپ قىلىنغان. ئوتتۇز يىل ئېيتماققا ئاسان، ئەمما ئۇ بىر ئادەمنىڭ ئۆمرىگە نىسبەتەن ناھايىتى ئۇزۇن جەريان. مۇئەللىپنى بۇنچىۋالا ئۇزۇن مەزگىللىك ئىنچىكە ۋە جاپالىق ئەمگەككە جەلپ قىلغان زادى نېمە؟ ئۇ بولسىمۇ ئانا تىلغا بولغان ھەقىقىي مۇھەببەت! شۇنداقلا يەنە بۇ ئىشنىڭ تىلىمىز ئۈچۈن زۆرۈرلۈكى، تەخىرسىزلىكى رېئال ۋە تارىخىي ئەھمىيىتى ھەققىدە مۇئەللىپنىڭ ئەقلىي جەھەتتىن تونۇشى يېتەرلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ خىزمەتكە ئۆزىنى بېغىشلاپ، زېرىكمەستىن، ھېرىپ قالماستىن ئۇزۇن يىل ئىشلەپ ئاخىر بۇ مېھنەت مېۋىسىنى خەلقىمىزگە تەقدىم قىلدى.

مۇئەللىپ ئىدىئومىلارنى توپلاش جەھەتتە ئۇزۇن مەزگىل ئەتراپلىق ئىزدەنگەنلىكى ئۈچۈن شۇنچىۋالا كۆپ ئىدىئومىلارنى ۋە ئۇنىڭ ۋارىيانتلىرىنى توپلاپ چىقالىغان. ئۇ ئۆزى توپلىغان بارلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئىنچىكە تەتقىق قىلىپ سەرەلەپ، تۈرگە ئايرىپ، مەنە ۋە شەرھلىرىنى يېزىپ، مۇناسىپ مىساللارنى توپلاپ، ئىدىئومىلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ياكى ئارقا كۆرۈنۈشىنى يورۇتۇپ، كىتابنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئاممىباب، ئىخچام، ئىلمىي ۋە تەرتىپلىك قىلىپ تۈزۈپ چىققان. كىتابنىڭ ئىلمىيلىك ۋە قۇرۇلما جەھەتتىن مۇشۇنداق ھەم يۇقىرى سەۋىيىدە، ھەم ئاممىباب، چۈشىنىشلىك قىلىپ تۈزۈلۈشىدە، ناھايىتى ئېنىقكى ئاپتور ئىنتايىن زور كۈچ سەرپ قىلغان، ئۇ ھەربىر سۆز ھەربىر ئىبارە ئۈستىدە ئىنچىكە ئويلانغان ۋە ئەتراپلىق ئىشلىگەن. كىتابقا كىرگۈزۈلگەن ئىدىئومىلارنىڭ تۈزۈلۈش تەرتىپلىرىنىڭ مۇۋاپىق بولغانلىقى، ۋارىيانتلارنىڭ ئايرىلىشى، بېرىلگەن مەنە ۋە شەرھلەرنىڭ لايىقىدا، ئىخچام ۋە مېغىزلىق بولغانلىقى، مىساللارنىڭ ئەتراپلىق، دەل، جايىدا تاللانغانلىقى، ئىدىئومىلارنىڭ كېلىپ چىقىش ئارقا كۆرۈنۈشىنىڭ ياخشى يورۇتۇلغانلىقى ۋە باشقا مەسىلىلەرنىڭ

ھەممىسىنىڭ ئۆز لايىقىدا ئىلىمگە ۋە ئەقىلگە ئۇيغۇن ھالدا بىر تەرەپ قىلىنغانلىقى بۇ نۇقتىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

ئەلۋەتتە، مۇنداق چوڭ ئىلمىي ئەمگەكنىڭ ئەلتۆكۈس، تولۇق، سەۋەنلىكلەردىن پۈتۈنلەي خالىي بولۇپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس. بولۇپمۇ، يالغۇز بىر كىشى ئۈچۈن ئېيتقاندا تېخىمۇ شۇنداق. بۇ ھەقتە مۇئەللىپ كىتابنىڭ كىرىش سۆزىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئىدىئوملىرىمىز پۈتكۈل مىللىي روھىيەتنىڭ بارلىق تەرەپلىرىگە بېرىپ چېتىلىدىغان مۇرەككەپ بىر سىستېما. ۋەھالەنكى، ئۇلاردا بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغانلاردىنمۇ باشقا يەنە بىر قىسىم مەسىلىلەر ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئەمما، بۇ يەردە تىلغا ئېلىنمىغان مەسىلىلەرنىڭ ھەل قىلىنىشىنىمۇ ئۇشبۇ لۇغەتتە ئىمكانىيىتىمنىڭ يېتىشىچە ئەنجامىغا يەتكۈزۈشكە تىرىشتىم. شۇنداقتىمۇ ‹يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس› دېگەندەك، شۇ قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئىدىتىغا يەتكۈزۈپ سەرەمجانلاشتۇرۇپ كېتىشكە ئىستېدات خەزىنىسىدىن پۈرۈچ چاغلىق غەنىيمەت ئالالمىغان كەمىنىنىڭ يالغۇز چامى يەتمىدى. شۇڭا، لۇغەت مەيلى تۈزۈلۈش جەھەتتىن بولسۇن ياكى ئىلمىيلىك جەھەتتىن بولسۇن، يېتەرسىزلىك، كەمچىلىكلەردىن خالىي ئەمەس. يەنە شۇنىڭدەك، خەلق ئارىسىدا ساقلىنىۋاتقان نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك ئىبارىلەر بۇ قېتىم چويلامغا چىقماي قالغان بولۇشىمۇ تاۋاقتىكى ئاشتەكلا بىر ئىش. ھالبۇكى، لۇغەتنىڭ كامال تېپىشى جامائەتنىڭ مەدىتىگە قاراشلىق، جامائەتنىڭ ئورتاق كۈچ چىقىرىشى ئارقىسىدا تۇگەللىككە يېتىنگۇسىدۇر.»

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مۇئەللىپ ئۇزۇن مەزگىللىك ئىلمىي ئەمگىكى جەريانىدا ئۆز ئىشىنى مۇكەممەللىككە يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن، سۆز ئېكىنزارىدىن تىنىمسىز باشاق تەرگەن، تىل ئۈنچىلىرىنى سۈزۈپ چىقىش ئۈچۈن مەنىلەر دېڭىزىغا شۇڭغۇپ، تالاي قېتىم قايتا - قايتىلاپ چويلا سالغان. ھەر بىر ئىدىئومنىڭ مەنىسى، كېلىپ چىقىشى ۋە مىساللىرىنى توغرا، ئېنىق، ئىخچام شەرھلەپ چىقىش ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ ئىزدىنىپ ماتېرىيال توپلىغان ۋە بېرىلىپ ئىشلىگەن، شۇ ئارقىلىق بۇ ئىلمىي ئىشىدا خاتالىق، يېتەرسىزلىكلەردىن ساقلىنىشقا ياكى سەۋەنلىكنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئاز سادىر قىلىشقا تىرىشقان.

تۇراقلىق ئىبارىلىرىمىز، جۈملىدىن ئىدىئوملىرىمىز بىزنىڭ قىممەتلىك بايلىقىمىز. ئۇنى توپلاش، رەتلەش، شەرھلەش ئارقىلىق ئەۋلادتىن ئەۋلادقا يەتكۈزۈش ھەر بىرىمىزنىڭ ۋىجدانىي بۇرچى. بۇ خىزمەتنىڭ ئىلمىي تەتقىقات، ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە تىل مائارىپى جەھەتتىكى ئەھمىيىتى ئىنتايىن زور. «شەرھى ئىدىئوم»نىڭ مۇئەللىپى ھارۇت رەسۇل قادىرى ئەپەندى بۇ ئەھمىيەتلىك ئىلمىي خىزمەتنى دادىللىق بىلەن قولغا ئېلىپ، نام - شۆھرەت، پايدا - مەنپەئەت تەمەسىدىن خالىي ھالدا ئوتتۇز يىلغا يېقىن ۋاقىت سەرپ قىلىپ، بۇ خاسىيەتلىك ئۇزۇن يىللىق جاپالىق مېھنەت مېۋىسىنى خەلقىمىزگە سۇندى. بىز بۇنىڭ ئۈچۈن مۇئەللىپكە چىن كۆڭلىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز. مۇئەللىپ ئېيتىپ ئۆتكىنىدەك، بۇ ئىش ئەلۋەتتە جامائەتنىڭ ئورتاق كۈچ چىقىرىشى ئارقىسىدا تېخىمۇ مۇكەممەللىككە قاراپ ئۈزلۈكسىز داۋام قىلغۇسىدۇر.

(ئاپتور ئۈرۈمچى شەھەرلىك 38 - ئوتتۇرا مەكتەپتە)

# بوۋاي ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى

(چۆچەك)

توپلاپ رەتلىگۈچى: مۇھەممەتئىمىن قۇربان

پىششىق بىلەن تولۇق، كىچىك بىلەن چوڭ، تەتۈر بىلەن ئوڭ پەرقلەندۈرۈلمىگەن زاماندا، تارىم دەرياسىنىڭ بويىدىكى يۇرتلارنىڭ بىرىدە بىر بوۋاي بولغانىكەن. بۇ بوۋاينىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىكەن. بۇ بالىلار ئارقا - ئارقىدىن كېسەل بولۇپ يېتىپ قاپتۇ. بوۋاي بالىلىرىنى داۋالىتىپ ساقايتقۇچە ھەممە مال - دۇنيالىرىنى سېتىپ تۈگىتىپتۇ. بوۋاي ئۆزۈن ئۆتمەي ئۆزى كېسەل بولۇپ يېتىپ قاپتۇ، ئۇ چوڭ ئوغلىنى ئالدىدا ئولتۇرغۇزۇپ:

— ئوغلۇم، سەن بالىلارنىڭ چوڭى، مېنىڭ ھالىمدىن ئوبدان خەۋەر ئالساڭ، يوشۇرۇپ ساقلىغان ئالتۇنلىرىمنى ساڭا بېرىمەن، — دەپتۇ. چوڭ ئوغۇل دادىسىنى بىر يىلدەك بېقىپتۇ ۋە داۋالىتىپتۇ. تېۋىپلاردىن دورا ئېلىپ بارلىق مال - بىساتىدىن ئايرىلىپتۇ. لېكىن، بوۋاي شىپالىق تاپالماپتۇ. ئۇ بىر كۈنى ئوتتۇرانچى ئوغلىغا:

— ئاكاڭ مېنى قولىدىن كېلىشىچە ئوبدان باقتى، ئەمدى نۆۋەت ساڭا كەلدى، — دەپتۇ. ئوتتۇرانچى ئوغۇلمۇ دادىسىنى كۈچىنىڭ يېتىشىچە داۋالاپتۇ. بوۋاينىڭ كېسىلى يەنىلا ياخشىلانماپتۇ. بوۋاي كەنجى ئوغلىنى چاقىرىپ:

— ئىككى ئاكاڭ مېنى داۋالىتىمەن دەپ جىق چىقىم تارتتى. ئۆيدە پۇلغا يارىغۇدەك نەرسىمۇ قالمىدى. مەن ئەمدى ساڭا يۈك بولىدىغان بولدۇم، — دەپ يىغلاپ كېتىپتۇ.

— يىغلىماڭ دادا، خۇدايىم ئاسانلىق ئاتا قىلىدۇ، — دەپتۇ. كەنجى ئوغۇل يېمەي - ئىچمەي توپلىغان مال - مۈلكىنى سېتىپ، بوۋاينى داۋالاپتۇ. بوۋاي يەنىلا كېسەلدىن قۇتۇلالماپتۇ. بىر كۈنى بوۋاي ئۈچ ئوغلىنى چاقىرىپ:

— رەھمەت سىلەرگە بالىلىرىم، مېنى قولۇڭلاردىن كېلىشىچە ئوبدان باقتىڭلار، داۋالاتتىڭلار. مەن سىلەردىن مىڭ مەرتىۋە رازى. سىلەرمۇ مەندىن رازى بولۇڭلار — دەپ يىغلاپتۇ. بوۋاي شۇ كۈنى بۇ ئالەم بىلەن خوشلىشىپتۇ. ئۈچ ئوغۇل دادىسىنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزى خالىغان تىرىكچىلىك يولىغا مېڭىپتۇ. ئەمدى گەپنى چوڭ ئوغۇلنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىدىن ئاڭلايلى.

چوڭ ئوغۇل دادىسىدىن قالغان يارغۇنچاقنى كۆتۈرۈپ ئۆيمۇئۆي كىرىپ:

— ياما قىلىدىغان بۇغداي بارمۇ؟ — دەپ كىشىلەرنىڭ ئاشلىقىنى يۇمشىتىپ بېرىپتۇ. ئاش - نان بەرسە يەپ، پۇل بەرسە خەجلەپ جان ساقلاپتۇ. ئاخشىمى يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن بىر توپ قېرى ھېرىپ كەتكەنلىكتىن ئۇيقۇ بېسىپ ئۇخلاپ قاپتۇ. كېچە تەڭدىن ئاشقاندا يېنىدا بولۇۋاتقان گودۇڭ - گودۇڭ پاراڭلاردىن ئويغىنىپ كېتىپتۇ. پەسكە قارىسا لىقمۇلىق مال قاچىلانغان خورجۇن، تاغار ھەم خالتىلار توغراقتا يۆلەكلىك تۇرغۇدەك. چوڭ ئوغۇل توغراق تۈۋىدە ئولتۇرغان ئۈچ كىشىنىڭ گەپ - سۆزلىرىدىن ئۇلارنىڭ بىر

داڭلىق باي سودىگەرنىڭ ئالتۇن - كۈمۈشلىرىنى بۇلاپ كەلگەن قاراقچىلار ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. ئۇ: «جاھان يورۇسا بۇ قاراقچىلار مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىشتىن يانمايدۇ. شۇڭلاشقا، مەن بۇرۇن قول سېلىشىم كېرەك.» دەپ ئويلاپتۇ - دە، يارغۇنچاقنىڭ بىر تېشىنى قاراقچىلارنىڭ بىرسىنىڭ بېشىنى نەقلەپ تاشلىغانىكەن. بۇ قاراقچى تىنمايلا ئۆلۈپتۇ. چوڭ ئوغۇل يارغۇنچاقنىڭ يەنە بىر تېشىنى تاشلىغانىكەن، ئىككىنچى قاراقچىنىڭ گەۋدىسى شاپتۇلدەك ئېزىلىپ كېتىپتۇ. ئىككى ھەمراھىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆرگەن ئۈچىنچى قاراقچى تىرىك قالغىنىغا خۇشال بولۇپ ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى تاشلاپ بەدەر قېچىپ كېتىپتۇ. ئەتىسى چوڭ ئوغۇل بۇ ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى ئۆيىگە توشۇپ كېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ بالا - چاقىلىرى بىلەن باياشات كۈن كەچۈرۈپتۇ.

ئۇ خۇشال - خۇرام، غەمسىز ياشاۋەرسۇن، ئەمدى گەپنى ئوتتۇرانچى ئوغۇلدىن ئاڭلاڭ:

ئۇ دادىسىدىن قالغان بىر شوتىنى كۆتۈرۈپ ئۆيمۇئۆي كىرىپتۇ. بەزىلەرنىڭ دەل - دەرەخلىرىنى پۇتاپ، بەزىلەرنىڭ پاسار، سامانلىرىنى ئۆگزىسىگە چىقىرىپ بېرىپ، پۇل بەرسە خەجلەپ، ئاش - نان بەرسە يەپ كۈن كەچۈرۈپتۇ. شۇ يوسۇندا ئايلىنىپ يۈرۈپ بىر باينىڭ ئۆيىدە يىللىقچىلىققا تۇرۇپ قاپتۇ. بۇ ئۆينىڭ ئىگىسى يۇندىسىنى ئىت، تۈتۈننى بۇلۇت كۆرمەيدىغان پىخسىق باي ئىكەن. بىر كۈنى باي شەھەرگە كېتىپتۇ. باينىڭ خوتۇنى: «ئېرىم قورسىقى ئېچىپ كەلسە يېسۇن.» دەپ قازانغا گۆش، ئوچاققا كۆمەچ سېلىپ قويۇپتۇ. باينىڭ خوتۇنى يىللىقچىنى ئات ئېغىلىدا يېتىشقا بۇيرۇپتۇ. ئاچ قورساق يىللىقچىنىڭ قورسىقى ئېچىپتۇ. خۇپتەن ۋاقتى ئۆتكەندە يىللىقچى قورساق ئېچىقىغا چىدىيالماپتۇ. ئۇ ئاستا تۇرۇپ شەپە چىقارماي ئىشىكنى ئېچىپ ئۆيگە كىرىپتۇ. قارىسا، باينىڭ خوتۇنى خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتقان. شۇنىڭ بىلەن، يىللىقچى قازاندىكى گۆشنى سۇزۇپ ئېلىپ يەپتۇ ھەمدە يەپ بولۇپ قازانغا پۇتىدىكى ئايغىنى سېلىپ قويۇپتۇ. ئاندىن ئاتخانىغا چىقىپ ئۇخلاپ قاپتۇ. باي يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا قورسىقى ئاچ قايتىپ كەپتۇ. ئۇ خوتۇنىنى ئويغىتىپ:

— مەن يېگۇدەك تەييار بىرنەرسە بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. خوتۇنى:

— قازاندا گۆش، ئوچاقتا كۆمەچ بار، — دەپلا خورەك تارتىپ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. باي قورساق تويغۇزۇشقا ئالدىراپ قازاندىكىنى قولىغا ئېلىپ ئىشتىها بىلەن چايناشقا باشلاپتۇ. بىراق، چىشى ئۆتمەپتۇ، تەممۇ قاڭسىق بىلىنىپتۇ. باي خاپا بولۇپ: «بۇ گۆش پىشماپتۇ، تۇزى ئۆتۈپ كېتىپتۇ.» دەپ ئاغزىدىن ئېلىپ قازانغا تاشلاپتۇ. ئاندىن ئوچاقتىكى «كۆمەچ»نى ئېلىپ راسا بىر چىشلىگەنىكەن، باينىڭ ئاستىدىن ئىككى چىشى، ئۈستىدىن ئىككى چىشى سۇنۇپ كېتىپتۇ. قارىسا كۆمەچ ئەمەس، سوقا تاش ئىكەن. باي دەرغەزەپ بولۇپ:

— ماڭا پىشۇرۇپ قويغان كۆمىچىڭ مۇشۇمۇ؟ — دەپ ئاچچىقلىنىپ تاشنى خوتۇنىغا ئاتقانىكەن، خوتۇنى قورقۇپ كېتىپ ئىشتىنىغا چىقىرىۋېتىپتۇ. باي ئەتىسى تاغقا ماڭماقچى بوپتۇ. خوتۇنى تۆت جىڭ ئۇندا خېمىر يوغۇرۇپ كۆمەچ پىشۇرۇپتۇ. كۆمەچنى ئوچاقتىن ئېلىپلا:

— ئىسسىق ساقلاپ يېگەيلا — دەپ ئېرىنىڭ قوينىغا تىقىپ قويۇپتۇ. يىللىقچى:

— ئۆزلىرى بىلەن بىر ھەپتە كۆرۈشەلمەيدىكەنمەن، شۇڭا سىلى بىلەن خوشلىشىۋالاي — دەپ باينى چىڭ قۇچاقلىۋاپتۇ. قىزىق كۆمەچ باينىڭ قولتۇقىنى كۆيدۈرۈپتۇ. باي چىدىيالماي سەكرىگىلى تۇرۇپتۇ. ئۇ يىللىقچىدىن ئاجراش ئۈچۈن خوتۇنىغا:

— بۇنىڭغا ئىككى نان بېرىڭلا. بېدە ئورغىلى ماڭسۇن — دەپتۇ. باينىڭ بۇ گېپىنى خوتۇنى ياخشى ئاڭلىيالماپتۇ. يىللىقچى باينىڭ خوتۇنىنىڭ يېنىغا كىلىپ:

— ئىككى خورجۇن ئالتۇن بىلەن ياخشى

ئالتىن ئىككىنى بەرسۇن دېدى، — دەپتۇ. قايتىپ بېرىپلا يەنە بايىنى قوچاقلىۋاپتۇ. باينىڭ خوتۇنى ئېرىنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— راست شۇنداق دېدىلىما؟ — دەپ سوراپتۇ. باي يىللىقچىدىن تېززەك قوتۇلۇش ئۈچۈن:

— ھەئە، تېززاق بېرىڭلار، — دەپتۇ. يىللىقچى باينىڭ خوتۇنىنىڭ ئارقىسىدىن كېتىپتۇ. باي ئۇنىڭ يەنە قوچاقلىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ دەرھال تاغ تەرەپكە مېڭىپ كېتىپتۇ. يىللىقچى باينىڭ خوتۇنىدىن ئىككى خورجۇن ئالتۇن بىلەن ئىككى ئاتنى ئېلىپ ئۆيىگە قايتىپ كېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇمۇ باي بولۇپ، ئەتە نېمە يەرمەن، دېگەن غەمدىن قۇتۇلۇپتۇ.

ئەمدى گەپنى كەنجى ئوغۇلنىڭ سەپىرىدىن ئاڭلاڭ:

كەنجى ئوغۇل دادىسىدىن مىراس قالغان ناغرىنى قەيەردە توي بولسا شۇ يەردە چېلىپ كۈن كەچۈرۈپتۇ. بىر كېچىسى ئۇ يول ئۈستىدىكى بىر كونا تۈگمەندىن ئۆتۈپ قېلىپ، شۇ يەردە يېتىپ قالماقچى بوپتۇ. ئۇ قارىسا تۈگمەننىڭ ئىچى بەك مەينەتچىلىك تۇرغان، شۇڭا ئۇ ناغرىسىنى قولتۇقلاپ ئۈسكەنگە كىرىپ كېتىپتۇ. يېرىم كېچە بولغاندا شىر، بۆرە، تۈلكە ۋە يولۋاسلار تۈگمەنگە كىرىپ يەر ۋە تامدىكى تۈز يۇقۇندىلىرىنى يالاشقا باشلاپتۇ. تۈلكە تۈزنى يالاپ بولۇپ ئۈسكەننىڭ چانقىدىكى قوناقلارنى يەپ تۈگىتىپتۇ. ئاندىن ئۇچلۇق تۇمشۇقىنى ئۈسكەننىڭ چانقىغا ئىچكىرىلەپ تىقىپتۇ. كەنجى ئوغۇل تۈلكىنىڭ چىشلىشىدىن ئەنسىرەپ پۇقىنى تارتقانىكەن، ناغرىسى تاياقتا تېگىپ تاراڭلاپ كېتىپتۇ. يىرتقۇچ ھايۋانلار بۇ غەلىتە ئاۋازدىن ئۈلگۈدەك قورقۇپ بەدەر قېچىپتۇ. بىر ئىككىسى قېچىپ بولغاندا تۈگمەننىڭ ئىشىكى تاقىلىپ قاپتۇ. كەنجى ئوغۇل يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ناغرا ئاۋازىدىن قورقىدىغانلىقىنى بىلىپ، ناغرىنى بار كۈچى بىلەن چالغىلى تۇرۇپتۇ. ھايۋانلار قورققىنىدىن يۇگۇرۇشۇپ سىرتقا چىقالماي تاملارغا ئۇسۇپ، كاللا - پاقالچاقلىرى يېرىلىپ قانغا بويىلىپتۇ. تاڭ ئېتىپ جاھان يورۇغاندا تۈگمەننىڭ ئالدىدىكى يولدىن ھەربىرى قىرىق قېچىرغا مال يۈكلىگەن بىرنەچچە سودىگەر ئۆتۈپتۇ. بۇلاردىن بىرى ناغرا ئاۋازىغا ھەيران بولۇپ، تۈگمەننىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ قارىغانىكەن. ھايۋانلار ئىشىكتىن قىستىلىپ چىقىپ قېچىپ كېتىپتۇ. كەنجى ئوغۇل ئۈسكەندىن چۈشۈپ بۇ سودىگەرنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ:

— مەن بۇ ھايۋانلىرىمغا قەدەملىرىنى ناغرىغا كېلىشتۈرۈپ مېڭىشنى ئۆگىتىپ بولالماي ۋاتسام، سىز ئىشىكنى رۇخسەتسىز ئېچىپ ھايۋانلىرىمنى قاچۇرۇۋەتتىڭىز. ئەمدى دەرھال تۇتۇپ ئەكېلىپ بەرمىسىڭىز مەندىن قۇتۇلالمايسىز، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ. سودىگەر ھايۋانلارنى تۇتۇپ كېلىشكە كۆزى يەتمەي:

— بەش قېچىر مال بېرەي، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ. كەنجى ئوغۇل:

— نېمە ئۇ بەش قېچىر مال دېگەن؟ مەن ئۇ ھايۋانلىرىمنى ناغرىغا كېلىشتۈرۈپ مېڭىشنى ئۆگىتىپ بولۇپ شەھەرمۇ شەھەر بېرىپ ئويۇن قويماقچىتىم. بىر كۈنلۈك كىرىمىم سىزنىڭ بەش قېچىر مېلىڭىزدىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ كېتەتتى — دەپ چىڭ تۇرۇۋاپتۇ. بۇ ئىشقا باشقا سودىگەرلەرمۇ ئارىلىشىپتۇ:

— قىستەن قىلمىغان، ئىشىكنى ئاچسا سىزگە زىيان بولۇشىنى بىلمىگەن گەپ. سىزمۇ بۇ ھەمراھىمىزنى ئىلاجسىز قويماڭ، — دەپ كەنجى ئوغۇلغا نەسىھەت قىپتۇ. ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ كۆپ تالاش - تارتىشتىن كېيىن كەنجى ئوغۇل يىگىرمە قېچىرغا ھەم ئۇنىڭغا يۈكلەنگەن مەشۇت، گىلەم، ئەتلەس، قاشتېشى قاتارلىق قىممەت باھالىق ماللارغا ئىگە بوپتۇ. «ئاتىنىڭ رەھمىتى تۈگمەس خەزىنە» دېگەن ھېكمەت شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

(توپلاپ رەتلىگۈچى قاراقاش ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن دەم ئېلىشقا چىققان)

# قىلىچ باتۇر

(چۆچەك)

توپلاپ رەتلىگۈچى: ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەن، توق ئىكەن، پاقا دۇمباقچى، ئۆچكە سۇنايچى ئىكەن. شۇنداق زامانلاردا تاغ باغرىدىكى سۈيى ئەلۋەك، يېرى مۇنبەت گۈزەل بىر يۇرتتا قىلىچ باتۇر دېگەن بىر پالۋان ياشايدىكەن. ئۇ قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن، ئاق كۆڭۈل، مەرد بولغاچقىمۇ، يۇرتداشلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنى ياقتۇرىدىكەن. قىلىچ پالۋان ئادەتتە ئېگىز تاغلارغا چىقىپ ئوۋ ئوۋلايدىكەن. بەزىدە يۇرتداشلىرىنىڭ ئىشلىرىغا ياردەملىشىدىكەن. ئۇ تىنىم تاپماي ھەرىكەت قىلىدىكەن. شۇڭا، ئۇ بالاغەتكە يەتكەندە بەدىنى كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولۇپ، ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق بىر باتۇر بوپتۇ. ياقا يۇرتلاردىن بۇ يۇرتقا كەلگەن نوچىلار قىلىچ باتۇرنى ئۇچرىتىپ قالسا ئۇنىڭ بەستىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ بىلەن چېلىشىشنى تەلەپ قىلىدىكەن ھەمدە قىلىچ باتۇرنىڭ ئۇنىمغىنىغا قارىماي، ئۇنى زورلاپ بەل تۇتۇشىدىكەن. نەتىجىدە ئۆزى يەر چىشلەپ سالپىيىپ قايتىشىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن قىلىچ باتۇرنىڭ نامى بارا ـ بارا يىراق ـ يېقىندىكى يۇرت ـ يۇرتلارغا تارىپتۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر مۇساپىر بۇ يۇرتقا قىلىچ باتۇرنى ئىزدەپ كەپتۇ. ئۇ سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ قىلىچ باتۇرنى تاغ باغرىدىكى بىر ئاددىي كەپىدىن تېپىپتۇ. مۇساپىر بوۋاي قىلىچ باتۇرنى كۆرۈپلا ئۇنىڭ قەددى ـ قامىتىگە بارىكاللا ئېيتىپتۇ. ئۇ قىلىچ باتۇرغا:

— بالام، سىز قىلىچ باتۇرمۇ؟ — دەپتۇ.

— ھەئە، مەن قىلىچ باتۇر بوۋا. قېنى ئىچكىرى كىرىڭ، — دەپتۇ قىلىچ باتۇر.

— بالام مەن يىراق بىر يۇرتتىن كەلدىم. بولدى، دەيدىغان گېپىمنى دەپ بولۇپ قايتاي. مېنىڭ ئىسمىم ھەيدەر. يۇرتمۇيۇرت كېزىپ يۈرىمەن. باشقىلار مېنى جاھانكەشتى ھەيدەر دېيىشىدۇ. مەن سىنى ئاق كۆڭۈل، باتۇر دەپ ئاڭلاپ، ئىزدەپ كېلىشىم. مۇشۇ يۇرتتىن كۈن پېتىشقا قاراپ ئۈچ ئايلىق جايدا بىر چوڭ دەريا بار. شۇ دەريانىڭ بويىدا بىر ساھىبجامال قىز تۇرىدۇ. ئىسمى سۇزۇكئاي. باشقىلار ئۇنى ئاق بىلەك ئايىم دەپ ئاتايدۇ. ئۇ قىز ئاي دېسەڭ ئايدىن سۈزۈك، كۈن دېسەڭ كۈندىن نۇرلۇق، گۈزەللەرنىڭ گۈزىلى، ئۇنى تۇنجى كۆرگەن كىشى، ئۇنىڭ گۈزەل ھۆسنىگە ئەقلى لال بولۇپ، بىھوش بولۇپ يىقىلىپ چۈشەرمىش. نۇرغۇن ياش يىگىتلەر شۇ گۈزەلنىڭ ۋەسپىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا غايىبانە ئاشىق بولۇپ، ئۇنىڭ ۋىسالىغا يېتىش ئۈچۈن، ئۆزلىرىنىڭ جېنىنى سېلىپ بەردى. نۇرغۇن ياشلار بىر كەتكەنچە قايتىپ كەلمىدى. ئۈمىدىم سەن مۇشۇ مۇشكۈل سەپەرگە ئاتلىنىپ، ئۆزۈڭنىڭ غەيرەت ـ شىجائىتى ۋە باتۇرلۇقۇڭ بىلەن ئاشۇ گۈلنى قولىڭغا قىساڭ.

قىلىچ باتۇر بۇ بوۋاينىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئاق بىلەك ئايىمغا ئىشتىياقى ئۇرغۇپ، قەلبىدە

ئۇنىڭ ۋىسالىغا يېتىش ئىستىكى قوزغىلىپتۇ. قىلىچ باتۇر سەپەر تەييارلىقىنى پۈتتۈرۈپ، يۇرتداشلىرى بىلەن خوشلىشىپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. ئۇ مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، نۇرغۇن تاغ، دەريا، دەشت - چۆل، قۇملۇقلاردىن ئۆتۈپتۇ. يېرىم يولنى بېسىپ بولغاندا سەپەرگە ئېلىۋالغان ئوزۇق - تۈلۈكى تۈگەپتۇ. قىلىچ باتۇر سەپەرنى داۋام قىپتۇ. قورسىقى ئاچسا توشقان، قىرغاۋۇل ئوۋلاپ، ئۇسسىسا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ سۈيىنى چىقىرىپ ئىچىپ، ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇپتۇ. ئۇ سەپىرىنى شۇ تەرىقىدە داۋاملاشتۇرۇپتۇ. بىر كۈنى ئۇ چۆلدە كېتىۋاتسا ئالدىغا بىر بۆرچى ئۇچراپتۇ. ئادەم زاتى كۆرمىگىنىگە خېلى ئۇزۇن بولغان قىلىچ باتۇر بۇ كىشىنى ئۇچرىتىپ دىلى سۆيۈنۈپ كېتىپتۇ. بۆرچى قىلىچ باتۇردىن:

— يىگىت، يول بولسۇن، سەپىرىڭ قاياققا؟ — دەپ سوراپتۇ. قىلىچ باتۇر جاۋابەن:

— مەن ئاق بىلەك ئايىمنى ئىزدەپ كېتىۋاتىمەن. سەنچۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— قىلىچ باتۇر دېگەن بىر يىگىت بار ئىكەن، شۇنىڭ بىلەن چېلىشىپ باقاي دەپ كېتىۋاتىمەن، — دەپتۇ ھېلىقى بۆرچى.

— كەلگىن، مەنمۇ قىلىچ باتۇر بىلەن بىللە يۈرۈپ ئۇنىڭ بىلەن چېلىشىپ باققان، ئۇنىڭدىن قېلىشمايمەن، ئىككىمىز تۇتۇشۇپ باقايلى، مېنى يېڭىۋالساڭ ئۇنىمۇ يېڭىۋالالايسەن، — دەپتۇ قىلىچ باتۇر. شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى بەل تۇتۇشۇپتۇ. قىلىچ باتۇر ھەش - پەش دېگۈچە بۆرچىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ يەرگە تاشلاپتۇ. بۆرچى ئورنىدىن تۇرۇپ قىلىچ باتۇرغا:

— كۈچۈڭ ۋە پەمىڭگە بارىكاللا، يىگىت، ئىككىمىز دوست بولۇپ قالساق قانداق دەيسەن، — دەپتۇ. قىلىچ باتۇر بۆرچى بىلەن قايتا كۆرۈشۈپ يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قاپتۇ. قىلىچ باتۇر ماڭار چاغدا بۆرچىگە ئىككى نەيچە بېرىپ:

— ماۋۇ نەيچىلەرنى ئېلىۋال، بىرىدىن قان، بىرىدىن زەرداپ تامىدۇ، قان تامسا خاتىرجەم يۈرىۋەر، ئەگەر زەرداپ تامسا دەرھال مەن ماڭغان يولدىن ماڭا يېتىشىۋال، — دەپ يولىغا راۋان بوپتۇ.

قىلىچ باتۇر نەچچە كۈنلەر يول يۈرۈپ بىر سايدا كېتىپ بارسا ئالدىغا بىر كىشى ئۇچراپتۇ. بۇ كىشى تۆمۈرچى ئىكەن، ئۇ قىلىچ باتۇردىن:

— ھەي يىگىت، سەپىرىڭ قاياققا؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن ئاق بىلەك ئايىمنىڭ قېشىغا كېتىپ بارىمەن، خوش ئۆزۈڭچۇ؟ — دەپ سوراپتۇ قىلىچ باتۇر. تۆمۈرچى:

— قىلىچ باتۇر دېگەن بىر پالۋاننى كېلىۋاتىدۇ دەپ ئاڭلاپ، شۇنىڭ بىلەن چېلىشقىلى كېتىپ بارىمەن، — دەپتۇ.

— مەن قىلىچ باتۇر بىلەن بىللە يۈرۈپ ئۇنىڭدىن تەلىم ئالغان، ئالدى بىلەن مەن بىلەن چېلىشىپ باققىن، — دەپتۇ قىلىچ باتۇر.

— كەل، بىر تۇتۇشۇپ باقايلى، — دەپتۇ تۆمۈرچى ۋە قىلىچ باتۇر بىلەن بەل تۇتۇشۇپتۇ. قىلىچ باتۇر تۆمۈرچىنىمۇ ھەش - پەش دېگۈچە يەرگە ئۇرۇپتۇ - دە، ئۇنى يۆلەپ ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ ئۇنىڭغىمۇ ئىككى دانە نەيچە بېرىپ:

بۇ نەيچىنىڭ بىرىدىن قان، بىرىدىن زەرداپ تامىدىغانلىقىنى، قان تامسا خاتىرجەم يۈرىۋېرىشىنى، زەرداپ تامسا ئۇچقاندەك مېڭىپ ئۇنىڭغا يېتىشىۋېلىشى لازىملىقىنى ئېيتىپ، ئاندىن:

— بىر تال ئىدىڭ، ئىككى تال بولدۇڭ. ئۆزۈم بىلەن ئۈچ تال بولدۇق، — دەپ يولىغا راۋان بوپتۇ.

يۈرۈپتۇ - يۈرۈپتۇ، ئاخىرىدا بىر قىشلاققا يېتىپ كەپتۇ. بۇ قىشلاقتا بىر سۈچى بار ئىكەن ئۇمۇ يولغا چىقىپ تۇرغانىكەن. قىلىچ باتۇر ئۇنىڭ بىلەنمۇ ئەھۋاللىشىپ بىر قەپەس تۇتۇشۇپتۇ - دە، ئۇنىمۇ يەرگە ئۇرۇپتۇ. ھەمدە ئۇنىڭغىمۇ ئىككى نەيچە بېرىپ:

— ئۈچ ئىدۇق، مەن بىلەن تۆت بولدۇق. تۆتىمىز بىر كىشى. مۇشۇ نەيچىنىڭ بىرىدىن قان تامسا خاتىرجەم بول، بىرىدىن زەرداپ تامسا تېزدىن

يېنىمغا كەل، — دەپ يولىغا راۋان بوپتۇ.

ئۇ شۇ ماڭغانچە چۆللەردىن، تاغ ـ دەريالاردىن ئۆتۈپتۇ. يولدا كېتىۋېتىپ سەھرادا قوي بېقىپ يۈرگەن بىر چوپانغا ئۇچراپتۇ. ئۇنىڭ بىلەن هال ـ ئەھۋاللىشىپ بولۇپ:

— بۇ قويلار كىمنىڭكى؟ — دەپ سوراپتۇ. چوپان:

— ئاق بىلەك ئايىمنىڭكى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. قىلىچ باتۇر:

— ئاق بىلەك ئايىم هازىر قەيەردە؟ سەن بىلەمسەن، ئۇنى قانداق تاپقىلى بولىدۇ؟ — دەپ سورىغانىكەن، چوپان:

— ئەزىمەت يىگىت، ساڭا ئوخشاش تالاي بوز يىگىتلەر، شاهزادىلەر كېلىپ ئۇنى ئالالماي نابۇت بولۇشتى. كۆردۈڭمۇ ئاۋۇ قورغان ساڭا ئوخشاشلارنىڭ كاللىسىدىن ياسالغان، سەن ئۇ يەرگە بېرىشنى خام خىيال قىلما ! — دەپتۇ.

قىلىچ باتۇر بىر پەس ئويلانغاندىن كېيىن:

— مەن چوقۇم بارالايمەن. بۇنىڭ ئۈچۈن قانداق قىلسام بولىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. چوپان:

— سەن بازارغا بېرىپ بىر خۇرجۇننىڭ ئىككى كۆزىنى تولدۇرۇپ كىشمىش ئالغىن. ئاق بىلەك ئايىمنىڭ بىر ئېتى بار، ئۇ كىشمىش يەيدۇ. ناۋادا ئاق بىلەك ئايىمنىڭ ئالدىغا بىرەر كىشى كىرسە ئېتى كىشنەيدۇ. ئاق بىلەك ئايىم ئۆيدىن چىقىپ كەلگەن كىشىنىڭ كاللىسىنى قىلىچ بىلەن ئۈزۈپ تاشلايدۇ. شۇڭا، سەن مۇنداق بىر هىيلە ئىشلەتكىن، يىراقتىن يەر ئاستىدىن كولاپ كېلىپ، ئات تۇرغان جاينىڭ ئاستىدىن چىققىن، ھەمدە بىر باداڭ ئېلىۋالغىن، ھېلىقى كىشمىش بىلەن بىللە باداڭنى تۆشۈكنىڭ ئاغزىغا قاپلاپ قويغىن. قاراڭغۇ چۈشكەندە تۆشۈكتىن چىقىپ باداڭنى تۆشۈك ئاغزىغا قاپلاپ، ئۆزۈڭ مۆكۈپ تۇرغىن، بۇنى ئات تۇيۇپ قالمىسۇن، بولمىسا ئاق بىلەك ئايىم سېنى پاچاق ـ پاچاق قىلىۋېتىدۇ. ئاق بىلەك ئايىم ئۇخلىغاندا دەرهال چىقىپ، كىشمىشنى ئات ئوقۇرىغا ئەكېلىپ قويغىن، شۇنىڭ بىلەن ئاق بىلەك ئايىمنى قولغا كەلتۈرىسەن.

قىلىچ باتۇر چوپان بىلەن خوشلىشىپ، ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنى بىر ـ بىرلەپ بېجىرىشكە باشلاپتۇ. يەرنى كولاپ مېڭىپ ئات ئوقۇرىنىڭ يېنىدىن چىقىپتۇ. ئۇ ئاتقا تۇيدۇرماستىن باداڭنى تۆشۈككە قاپلىماقچى بولغاندا، ئات سېزىپ قىلىپ، بىردىنلا كىشنەشكە باشلاپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئاق بىلەك ئايىم ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ئاتنىڭ يېنىغا كەپتۇ:

— هە جانىۋار، كىشنەپ قاپسەنغۇ، نېمە ئىش يۈز بەردى؟ — دەپ ئاتنىڭ بېشىنى سىلاپتۇ. ئۇياق ـ بۇياقنى كۆزدىن كەچۈرۈپتۇ. هېچ نەرسىنىڭ شەپىسىنى سەزمىگەندىن كېيىن قايتىپ كېتىپتۇ. ئەمدىلا كۆزى ئۇيقۇغا كەلگەندە ئات يەنە كىشنەپتۇ. ئاق بىلەك ئايىم يەنە چىقىپتۇ. قارىسا، هېچ ئىش يوق، ئۇ ئاتقا قاراپ:

— سەن كىشنەۋېرىپ مېنى ئۇخلىغىلى قويمىدىڭ ! — دەپ ئاتنى ئىككىنى قامچىلاپ قويۇپ، كىرىپ ئۇخلاۋېرىپتۇ. دەل شۇ چاغدا قىلىچ باتۇر چىقىپ ئاتقا كىشمىشنى تۆكۈپ بېرىپتۇ. ئات كىشمىشنى يېيىشكە باشلاپتۇ. قىلىچ باتۇر ئاستا مېڭىپ ئۆيگە كىرىپ قارىسا، ئاق بىلەك ئايىم ئۇخلاۋاتقان، ئۇ دەرهال ئايىمنىڭ بېشىنىڭ ئەتراپىغا قىرىق قوزۇق قېقىپ قوزۇقلارغا قىرىق تال چېچىنى باغلاپ قويۇپتۇ. بىر چاغدا ئاق بىلەك ئايىم ئۇيقۇدىن كۆزىنى ئېچىپ قارىسا، ئۈستىدە بىر يىگىت ئۇنىڭغا تىكىلىپ ئولتۇرغان، ئاق بىلەك ئايىم قىلىچ باتۇرغا قاراپ:

— كىمسەن، نېمىگە كەلدىڭ؟ مەندە نېمە ئۆچۈڭ بار؟ ئورنۇمدىن تۇرسام كاللاڭنى ئالىمەن ! — دەپ قاتتىق يۇلقۇنۇپتۇ، لېكىن چاچلىرى قوزۇقلارغا باغلانغانلىقى ئۈچۈن، ئورنىدىن تۇرالماپتۇ، شۇنىڭدىن كېيىن ئاق بىلەك ئايىم قىلىچ باتۇرنىڭ تەدبىرىگە قايىل بوپتۇ ـ دە، يىگىتكە تەسلىم بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ياشاشقا باشلاپتۇ.

قىلىچ باتۇر ھېلىقى ئاتنى مىنىپ ئوۋغا

چىقىپ يۈرۈپتۇ. ئارىدىن بىر نەچچە يىل ئۆتۈپتۇ. ھەرقانداق پادىشاھ ئەلچى ئەۋەتسىمۇ ئاق بىلەك ئايىم زادىلا ئۇنىماپتۇ. ئاخىر قاراخان دېگەن پادىشاھ ئەلچىلىككە بىر كەمپىرنى ئەۋەتمەكچى بولۇپ، ئۇنىڭغا:

— ئەگەر ئاشۇ قىزنى ئەكېلەلىسەڭ، بويۇڭ بىلەن تەڭ ئالتۇن بېرىمەن، — دەپتۇ.

كەمپىر ئېشەككە مىنىپ يولغا چىقىپتۇ. قىلىچ باتۇر ئۇۋدىن يانىدىغان يولغا كېلىپ ئېشەكنىڭ بىر پۇتىنى ئۇرۇپ سۇندۇرۇپتۇ ـ دە، ئۆزى بىر چەتتە يالغاندىن يىغلاپ ئولتۇرۇپتۇ. بىر ئازدىن كېيىن قىلىچ باتۇر ئۇۋدىن قايتىپتۇ. كەمپىر قىلىچ باتۇرغا يالۋۇرۇپ ھۆڭ ـ ھۆڭ يىغلاپتۇ. ئېشەكنىڭ پۇتىنى كۆرسىتىپ:

— بالام، ماڭا رەھىم قىلسىلا، بۇ ئادەمسىز چۆلدە قېلىپ ئۆلىدىغان ئوخشايمەن، — دەپتۇ.

قىلىچ باتۇرنىڭ كەمپىرگە ئىچى ئاغرىپ، ئۇنى ئارقىسىغا مىندۈرۈپ ئۆيگە ئېلىپ كەپتۇ. ئاق بىلەك ئايىمنىڭ بۇ ئىشقا ناھايىتى ئاچچىقى كەپتۇ ۋە ئېرى قىلىچ باتۇرنى پىنھان جايغا چاقىرىپ:

— بۇ شۇم كەمپىرنى نېمىشقا ئېلىپ كەلدىڭىز؟ بېشىمىزنى يەيدۇ بۇ جادىگەر! — دەپتۇ.

— ھەي، بۇنىڭ قولىدىن نېمە كېلەتتى، تېخى ساڭا ھەمراھ بولۇپ ئولتۇرىدۇ. ئېغىرىڭنى يەڭگىللىتىدۇ، — دەپتۇ قىلىچ باتۇر.

كەمپىر ئاق بىلەك ئايىمنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ يۈرۈپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە كەمپىر ئاق بىلەك ئايىمدىن سوراپ:

— بالام، قىلىچ باتۇرنىڭ جېنى قەيەردە، بىلەمسىز؟ بۇنى بىلىۋالغانىنىڭ زىيىنى يوق، — دەپ سوراپتۇ. ئاق بىلەك ئايىم:

قانداق سورايمەن؟ — دېگەنىكەن، كەمپىر:

— كەچقۇرۇن باتۇر كەلگەندە، ئۇنىڭغا چىراي ئاچمىسىڭىز ئېيتىدۇ. بىلىۋالسىڭىزلا بولىدى، — دەپتۇ.

كەچقۇرۇن قىلىچ باتۇر ئۇۋدىن قايتىپ كەپتۇ. ئاق بىلەك ئايىم قىلىچ باتۇرغا چىراي ئاچماپتۇ، ئېيتقىنىمۇ قارىماپتۇ. بىر بۇلۇڭدا تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇۋاپتۇ. خوتۇنىنى بۇنداق ھالەتتە كۆرگەن قىلىچ باتۇرنىڭ كۆڭلى غەش بولۇپ، نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قاپتۇ، ئاخىرىدا سەۋر ـ تاقىتى تېشىپ ئاق بىلەك ئايىمدىن سوراپتۇ:

— جېنىم، خاپا كۆرۈنىسەن، ساڭا نېمە بولدى؟

— شۇ چاغقىچە مەن سىزنىڭ ھېچبىر سىرىڭىزنى بىلەلمەي كەلدىم.

— خوش، قايسى سىرىمنى دەيسەن؟

— ئېيتىڭا، سىزنىڭ جېنىڭىز قەيەردە؟

قىلىچ باتۇر ئېيتماسلىققا ھەرقانچە ئۇرۇنسىمۇ ھېچ ئىلاج قىلالماپتۇ. ئاخىر نائىلاج:

— مېنىڭ جېنىم قىلىچىمدا، قىلىچسىز زادى ماڭالمايمەن، — دەپتۇ.

ئاق بىلەك ئايىم گۆدەكلىك قىلىپ بۇ سۆزنى شۇئان مەككار كەمپىرگە ئېيتىپ قويۇپتۇ.

شۇم كەمپىر ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشال بولۇپ، ئۆزىچە: «ھىم، مۇرادىمغا يېتەر كۈنىمۇ كېلىدىكەن ـ ھە!» دەپتۇ. ئەمما. سىر بەرمەسلىك ئۈچۈن ئاق بىلەك ئايىمغا:

— قويۇڭا بالام، بۇ گېپىڭىزگە ئىشەنمەيمەن، زادىلا ئىشەنمەيمەن. ئېرىڭىز سىزنى ئالداپتۇ. قېنى بولمىسا، باتۇر ئەتە ئوۋغا ماڭغاندا قىلىچىنى ئېلىپ قىلىپ سىناپ بېقىڭ، راستمۇ، يالغان شۇ چاغدا بىلىسىز، — دەپتۇ.

ئەتىسى ئاق بىلەك ئايىم ئېرىدىن قىلىچىنى تاشلاپ كېتىشنى سوراپتۇ. قىلىچ باتۇر خوتۇنىنى خاپا قىلىپ قويماسلىق ئۈچۈن قىلىچىنى زورىغا بېرىپتۇ ۋە ئاتلىنىپ ئوۋغا چىقىپ كېتىپتۇ.

كەمپىر دەرھال قىلىچىنى تاش بىلەن سۇندۇرۇپ سۇ ئېقىۋاتقان سايغا تاشلىۋېتىپتۇ. دەل شۇ پەيتتە قىلىچ باتۇر يولدا يىقىلىپ قاپتۇ. كەمپىر بىر ياغاچ ئات ياساپتۇ. ياغاچ ئاتنىڭ ئوڭ قولىقىنى بۇرىسا ئۇچىدىكەن، سول قۇلىقىنى بۇرىسا چۈشىدىكەن. ئۇ ياغاچ ئاتنى مىنىپ ئۇياق ـ بۇياققا ئۇچۇرۇپ، ئاق بىلەك ئايىمنى ئالداش

كويغا چۈشۈپتۇ. ئۇ ئاق بىلەك ئايىمغا قاراپ:

— بالام، سىزمۇ مىنىپ بېقىڭچۇ، قانداق بولاركىن. شۇ باھانىدە ھەممە ياقنى تاماشا قىلىپ كېلىسىز، — دەپتۇ.

مەككار كەمپىر ئاق بىلەك ئايىمنى ئارقىسىغا مىندۈرۈپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. بىر چاغدا قاراخان پادىشاھنىڭ شەھىرىگە يېتىپ كەپتۇ - دە، ئوردىغا بېرىپ پادىشاھقا تەزىم قىلىپ:

— شاھىم، مانا، خىزمىتىڭىزنى ئادا قىلدىم، ئاق بىلەك ئايىمنى ئېلىپ كەلدىم، — دەپتۇ.

قاراخان پادىشاھ كەمپىرگە كۆتۈرەلىگۈدەك تىللا بېرىپ يولغا ساپتۇ. كېيىن قىرىق كېچە - كۈندۈز توي - تاماشا قىپتۇ.

ئەمدى گەپنى قىلىچ باتۇرنىڭ سەپەردە ئۇچراتقان دوستلىرىدىن ئاڭلاڭ.

بىردىنلا ھېلىقى بۆزچى، تۆمۈرچى، سۇچىنىڭ نەيچىلىرىدىن زەرداپ تېمىشقا باشلاپتۇ. بۇلار ئۇچقاندەك تېزلىك بىلەن قىلىچ باتۇرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا يېتىپ كېلىشىپتۇ. قىلىچ باتۇرنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قاراشسا بىر دەريا ئېقىۋاتقان. شۇنىڭ بىلەن بۆزچى سۇچىغا قاراپ:

— سۇنى بوغ! — دەپتۇ.

سۇچى سۇنى بوغۇپتۇ. سايغا چۈشۈپ قارىسا باتۇرنىڭ قىلىچى سۇنۇق ھالەتتە تۇرغان. ئۇنى تۆمۈرچىگە بېرىپ:

— سەن بۇنى تۈزلەپ، تەكشى قىلىپ ئۈلگىن! — دەپتۇ سۇچى.

تۆمۈرچى قىلىچنى سوقۇپ تەكشىلەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قىلىچ باتۇر ئۆز ھالىتىگە كەپتۇ. ئۆيىگە كېلىپ قارىسا، ئاق بىلەك ئايىم يوق تۇرغۇدەك. باتۇرنىڭ ھېلىقى دوستلىرى ساقلاپ ئولتۇرۇشقانىكەن. ئۇلار ئاق بىلەك ئايىمنى كۆپ ئىزدەپتۇ، ئەمما ئۇنى ھېچ يەدىن تاپالمىغاندىن كېيىن:

— بۇ قانداق گەپ؟ بۇنىڭدا نېمە سىر باردۇ؟ ھەي ئىست، ئاق بىلەك ئايىم قولدىن كېتىپتۇ - دە! — دەپ قايغۇرۇپتۇ قىلىچ باتۇر.

بۆزچى تۆمۈرچى بىلەن سۇچىنى ئەگەشتۈرۈپ قاراخان پادىشاھنىڭ شەھىرىگە يول ئاپتۇ. ئۇلار ناھايىتى كۆپ يوللارنى بېسىپ ئۆتۈپ، قاراخان پادىشاھنىڭ شەھىرىگە كېلىشىپتۇ. پادىشاھنىڭ راۋىقى ئاستىدىن ئۆتكەندە قارىسا، ھەممە ياقتا ئۇر - چاپ، توپىلاڭ بولۇۋاتقانىكەن.

سۇچى قاراخان پادىشاھنىڭ خىزمەتكارىدىن:

— بۇ يەردە نېمە ئىش بولدى؟ — دەپ سورىغانىكەن، ئۇ:

— توي بولۇۋاتىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. سۇچى:

قانداق توي؟ — دەپ سوراپتۇ. خىزمەتكار:

— ئاق بىلەك ئايىمنى قاراخان پادىشاھ ئالماقچى، — دەپتۇ.

ئۇچەيلەن ۋەقەدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇنى قىلىچ باتۇرغا يەتكۈزۈپتۇ. كېيىن ھەممىسى مەسلىھەتلىشىپ، يەنە قاراخان پادىشاھنىڭ شەھىرىگە قاراپ ئاتلىنىپتۇ. ئۇلار توي باشلانغىنىغا بىر كۈن كەم قىرىق كۈن بولىدۇ، دېگەندە شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ.

قىلىچ باتۇر قاراخان پادىشاھنىڭ شەھىرىگە بېسىپ كىرىپ، پادىشاھقا قارشى قاتتىق جەڭ باشلاپتۇ. قاراخان پادىشاھ ئەسىرگە چۈشۈپتۇ. قىلىچ باتۇر بۆزچىنى شۇ مەملىكەتكە پادىشاھ، سۇچىنى ۋەزىر قىلىپ تەيىنلەپتۇ. ئۆزى ئاق بىلەك ئايىمنى ئاتقا مىندۈرۈپ، تۆمۈرچىنى باشلاپ ئۆز يۇرتىغا يول ئاپتۇ. نەچچە ئون كۈن يول يۈرۈپ ئاخىرىدا ئاق بىلەك ئايىمنىڭ دەريا بويىدىكى جايىغا يېتىپ كەپتۇ. شۇ يەردە تۆمۈرچىمۇ ئۇلار بىلەن بىللە ياشاپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ ...

(ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاتۇش شەھەر ئازاق يېزا تېجەن كەنتىدىكى ئابدۇجېلىل ئاخۇن)
(توپلاپ رەتلىگۈچى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدىن دەم ئېلىشقا چىققان)

# ئوسمانشاھ بېگىم

توپلاپ رەتلىگۈچى: **شېرىپجان قاسىم**

كونىدىن قالدى، تامغىدىن قالدى،
ئوسمانشاھ ئاتلىق بەگلەردىن قالدى،
بىرى بەگ بولسا بىرى نەشكەش،
بۇ زامان شۇنداق ھەممىدىن قالدى.
سۆزلەي تالادا، ئاڭلا جامائەت!
ياخشى بەگ بولغان ئەلدىن ئامانەت،
دەۋزىخى بولغان ئەلدۇر بىتاقەت،
بىزلەر سۆزلىدۇق ياخشىدىن سۆز ئەپ،
راۋاب سايرىدى ئەلدىن ھەقىقەت.

*    *

ئوسمانشاھ بېگىم ئوبدان بەگ ئىدى،
قازىنى يوققا، ئاھ، توۋاق بەگ ئىدى.
قۇملۇق بەگكىمۇ دىۋان بەگ ئىدى،
قاغا پاچاق بەگ، سۇندۇك پاچاق بەگ،
مەلىدە دوڭغاق، بارچە ئىش چاتاق،
خەقنىڭ ھەققىنى بىر قويماي يېگەن،
ئۆلگەندە گۆر يوق، كېپەن تاپالماي،
بورىغا يۆگەپ قويغان چاتاق بەگ.
تاجىخان پوقاق دوزاق گۇندىسى،
ئوغلۇم تۇردىمەت يەر قىلىڭ دەپتى،
ئىشقا بۇيرۇپتى، ۋاي، ئىشقا بۇيرۇپتى،

ئالدىم قولۇمغا ئەگرى كەتمەننى،
بېلىمگە تۇگدىم ئالتە زاغرىنى،
ئالتە زاغرىسى يولدا بارغۇچە،
بىر ـ ئىككىسى ئۈزۈلۈپ تۆگەپمۇ قالدى.
باغلارغا كىردىم، سۇڭگۇچ ئارىلاپ،
بىر يەرگە سالدىم بىر تۇغ توسمىنى.
كەتمەننى چاپتىم ۋاق ـ ۋاق قىپ شۇنداق،
كەتمەن چۇلدىسى ئۇجمىگە تەگدى،
ئۇجمە تەردىم، پۇۋدىمەي سالدىم.
قورسىقىم شۇئان دۇمباقتەك قالدى.
ماغدۇر قالمىدى، ھالىم قالمىدى،
كاللامنى قويدۇم قىرنىڭ قىشىغا،
خورەك تارتىپ ئۇخلاپ ياتاتتىم.
ئوسمانشاھ بېگىم غوتۇلداپ كەلدى،
مۇكۇلداپ كېلىپ، ۋاي، چۇكۇلداپ كەلدى:
«ھازىنا كىركەش نېمە ياتىسەن،
بىر ئاياق ئاشنىڭ ماغدۇرى يوقمۇ؟
ھەي غالچا كېكەچ، نېمە دەپ يەنە ياتىسەن،
ئالتە زاغرىنىڭ قۇۋۋىتى يوقمۇ؟»
شۇنداق بىر دەپتى، شۇنداق بىر دەپتى،
قولغا تاياق ئېپ شۇنداق يۇگرەپتى،
ئوسمانشاھ بېگىم ساقالنى بومبايتىپ،

كۆزلىرىنى ھومايتىپ، بۇرۇتىنى لۈمىلەيتىپ،
چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ، ئۆيدەك ئالىيىپ،
ئۆرۈلۈپ ياندى، ۋاي، چۆرۈلۈپ ياندى،
ئۆيلىرىگە بېرىپ، ۋاي، كۆپەپ قاغۇ دېدەك.
ئۆلۈپ قاغۇ دېدەك ۋاي قان قۇسقۇ دېدەك،
«ئۆيدە يوقمىكەن، ۋاي، تاغادا ئۇنۇم؟
ھويلىدا يوقمىكەن يوغان تونۇرۇم؟
ناننى ياقساڭ يوغان ياق دېدەك،
ئاشنى ئەتسەڭ «ۋاي، قويۇق ئەت دېدەك.
قالغان ئىزاغا ۋاي ئۆلمىدىم دېدەك»
شۇنداق بىر دەپتى، ۋاي، شۇنداق بىر دەپتى
«ماڭا قالىسىلا، ھوي بېگىم، مۇنداق،
يوغان تاغار بولغانغا ھېساب ئەمەسكەن،
ھوسۇلى چىقسا بىلگەن مۇھىمكەن.
ئۇنداق نوچىلىقنى تاشلىسىلا بېگىم،
پاسانى سالسام پىرىسلاپ قالا،
توپىنى سالسام ۋاي گىرىچلاپ قالا.
سويۇق ئەتسەم ئاشنى شولتۇقلاپ قالا،
قويۇق ئەتسەم ئاشنى مولتۇكلاپ قالا.»
شۇنداق بىي دەپتى. «ئاغىچا مونجاق،
بەرگەن تۇزۇممۇ كور قىلغۇر دېدەك،
نېمە شورۇقلايسەن، ۋاي، ھارامغۇل دېدەك.»
شۇنداق بىي دەپتى، شۇنداق بىي دەپتى،
«بۆرىنىڭ قارغىشىغا ۋاي ئېشەك ئۆلمەس بېگىم،
ئۇنداق قارغىمىسىلا، ئوسمانشاھ بېگىم.
تۇزنى ئەكەلسە، ۋاي سايدىن ئەكەلدى،
ئۇننى ئەكەلسە ۋاي تۇدۇمەت ئەكەلدى.
تۇزنى بەرسىلە، ۋاي ئىشلەپ بەرسىلە،
تاغىل توپاقا يۈكلەپ ئەكەلدى...»
شۇنداق بىي دەپتى، ۋاي، دەپتى كۆرسىلە،
«ھازىنا دېدەك، نېمە شورۇقلايسەن،
قولىغا تاياق ئېلىپ ئۆرغىلى قوپتى:
«ۋاي نېمە دەيسەن، ئوسمانشاھ ئاكا،
قىلغان ئىشلىرىڭ ھەممىسى بىكا.
ئىمانىڭ يوقتۇر، پۇتلىرىڭ توكا،
ئۆرۈشنى مەندىن كۆرگىن، قاراپتۇر...»
غۇلدانى ئېلىپ سالغىلى تۇردى،
ئوسمانشاھ بېگىم قاچقىلى تۇردى.
يۈز - كۆزلىرى قان ئىملەپ ماڭدى:
«ۋاي - ۋاي خوتۇن ئۇرماڭلار ئەمدى،
ئالدىمدا قاراپ تۇرماڭلار ئەمدى.
توۋا قىلاي مەن ئالدىڭدا ئەمدى.
بەگلىكنى شۇنداق تاشلايمەن ئەمدى.
نوچى بولغاننىڭ پايدىسى يوقكەن،
ئىشلەپ يېگەننىڭ قورسىقى توقكەن.
شۇنداق ئۆتىلى بىغەم دۇنيادىن،
ئوسمانشاھ دېمەي ئەمدى دۇنيادىن.
خەقنى قاقشىتىپ يېگەن ھارامكەن،
ئۆزەڭ ئىشلىسەڭ جانغا ئارامكەن.
ئوسمانشاھ بېگىم ئەمدى قالمىدى،
بىر توغرام ناندىن ھەزەر ئالمىدى.
جاھاندىن ئۆتمەك ناھايىتى تەسكەن،
ئوسمانشاھ بېگىم يىغلايدۇ دائىم،
ئۆتكەن كۈنگە قاقشايدۇ دائىم.

(ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: خوتەن ناھىيە يېڭىئاۋات يېزىسى سىرىغىز كەنتىدىن مەمەت دۇتارچى قاراقاش ناھىيىسى زاۋا يېزىسىدىن غوجابدۇللا زەرگەر)
(توپلاپ رەتلىگۈچى خوتەن ئالىي پېداگوگىكا مەخسۇس كۇرس مەكتىپىدىنىدەم ئېلىشقا چىققان)


EXPO 2010 SHANGHAI CHINA
中国移动通信 CHINA MOBILE
世博全球合作伙伴
Global Partner of Expo
خۇشاللىق بار يەردە مەشرەپ كارتىسى بار
تېلېفون ھەققى ئەرزان ۋە تېجەشلىك بولۇپ، ئۇزۇن يوللۇق تېلېفوندا ئەركىن-ئازادە سۆزلىشەلەيسىز.
轻松由我
神州行
مەشرەپ كارتىسى
www.xj.chinamobile.com 10086





دۆلەت ئائىلە

تېلېفون ھەققى ئەرزان ۋە تېجەشلىك بولۇپ، ئۇزۇن يوللۇق تېلېفوندا ئەركىن-ئازادە سۆزلىشەلەيسىز.

جۇڭگو كۆچمە خەۋەرلىشىش جۇڭگو كېزەر مەشرەپ كارتىسىنىڭ ئائىلىق ئىجارىسى يوق، تېلېفون قوبۇل قىلسا ھەق ئېلىنمايدۇ، ئەڭ تۆۋەن ئىستېمال ھەققى بەكلا تۆۋەن، شەھەر ئىچى تېلېفون ھەققى تېخىمۇ ئەرزان. ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون ئۇرغاندا1 يۈەنلىك ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون ئېتىبار بوغچىسىنى ئىشلىتىپ ئۇرسىڭىز، ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون ھەققىدە تېخىمۇ ئېتىبارغا ئېرىشىسىز، تېلېفوننى قانچىلىك ئۇرسىڭىز قىممەت توختىمايدۇ! تەپسىلاتىنى 10086 دىن سۈرۈشتۈرۈڭ.

神州行 轻松由我

مەشرەپ كارتىسى

www.xj.chinamobile.com 10086



# 源　泉 (布拉克)

# بۇلاق

(维 吾 尔 文)　总129期

(قوش ئايلىق ژۇرنال) ئومۇمىي 129- سان

BULAK A BIMOUNTHLY JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE

主编:阿布来提·伊明　副主编: 买买提吐尔地

باش مۇھەررىرى: ئابلەت ئىمىن　مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

新疆人民出版社编辑出版
(乌鲁木齐市解放南路348号)
新疆漠尔通(MORTOM)印刷有限责任公司印刷
乌鲁木齐市邮局发行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全国各地邮局订阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 - نومۇر)
شىنجاڭ مورتوم ( MORTOM ) مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقاتتى
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一连续出版物号:CN65-1063/I
国际标准连续出版物号:ISSN 1005-0876
国外发行号:Q1118　邮政编码:830001
邮政代号:58-108　定价:7.50元
广告经营许可证号: 6500006000043

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى:
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: Q1118　پوچتا نومۇرى: 830001
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 108_58　باھاسى: 7.50 يۈەن
ئېلان تىجارىتى ئىجازەتنامىسى نومۇرى : 6500006000043